# ئۈنىڭدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن

# ئەزىز نەسىن

ئىسمائىل ئەپەندى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپىدە بىر شىركەتتە كاسسىر ئىدى. ئۈچ بالا، بىر ئايال، ئۆزى بولۇپ بەش كىشىلىك بىر ئائىلىنى باقماق ئاسانمۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇرۇش قىسىنچىلىقى يىللىرى دېسىڭىزچۇ... شۇنىڭ بىلەن، بىر كۈنى بېشىغا بىر ئىش كەلدى: باشلىقى ئىشنى توختىتىپ، ئىسمائىل ئەپەندىنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. باشلىق بەكمۇ تۈك، ئەدەپسىز بىر ئەبلەخ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسمائىل ئەپەندى قورقۇپ تەرلەپ كەتتى. ساقچىغا، تەپتىشكە تېلېفون قىلدى ھەقچان، دەپ ئويلىنىۋېدى، ئۇنداق چىقمىدى. توققۇز يىل يېنىدا خىزمەت قىلغان بۇ باشلىقنى تۇنجى قېتىم بۇ قەدەر يۇمشاق، سىپايە كۆرۈۋاتاتتى:

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ ئىسمائىل ئەپەندى.

ئىسمائىل ئەپەندى باشلىقنىڭ ئۇدۇلىدىكى ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. باشلىق دانە-دانە چىقىرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىسمائىل ئەپەندى، سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. توققۇز يىلدىن بۇيان تۇزۇمنى يەۋاتىسىز. ئائىلىڭىز بىلەن بىرلىكتە سايەمدە ھايات كەچۈرىۋاتىسىلەر. دەسلەپتە 75 لىرا ئايلىق ئالغان بولسىڭىز كېيىن مائاشىڭىزنى ئۆستۈردۈم، 90 لىرا قىلدىم. يەنە نېمە قىلاي؟ قانداق قولىڭىز باردى شۇ ئىشنى قىلىشقا؟ مەندەك بىرىگە شۇنداق ئىش قىلامسىز؟

باشلىقنىڭ يۇمشاق سۆزلىرى بىلەن ئىسمائىل ئەپەندى ئۈمىتلەندى: بەلكى ئوغرىلىقىمنى ئەپۇ قىلار، بەك ئېغىرمۇ ئېلىپ كەتمەس...

— شۇنداق ئەپەندىم، — دېدى ئىسمائىل، — نېمە دېسىڭىز ھەقلىقسىز. مەن بىر ۋىجدانسىزلىق قىلدىم. بەك ئېغىر كۈندە قالغاندىم ئەپەندىم. مائاشىمدىن تولۇقلاپ قويىمەن، دەپ تارتمىدىن 50 لىرا ئالدىم. مەرھەمەت قىلىپ، بۇ ئايلىق مائاشىمدىن تۇتۇۋالسىڭىز ئەپەندىم...

باشلىق بىردىنلا ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ياق! بۇ ئىش بۇنداق بولمايدۇ ئىسمائىل ئەپەندى! ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلگەن ئىش بۇ. بىر نومۇسسىز ئەبلەخنىڭ يېنىدا 40 لىرا مائاشلىق كاتىپ ئىدىم. شەرەپسىز ئەبلەخ، كۆتكۈچىلىرىگىمۇ 50 لىرا بېرەتتىكى، 10 لىرا ئۈچۈن مېنى تۈرمىدە ياتقۇزدى. ياق، ئىسمائىل ئەپەندى، جازايىڭنى تارتىسەن!...

بىر يىل تۈرمىگە بۇيرۇلدى. ئايالى بىلەن قىزى، زاۋۇتلاردىن ئالغان پايپاق ۋە پەلەي ئىشلىرىنى ئۆيدە توقۇپ يۈرۈپ ئائىلىدىن خەۋەر ئېلىشتى.

ئىسمائىل ئەپەندى تۈرمىدىن چىقىپ، كونا ئۇرچۇقتىن بىرنى ئەرزانلا سېتىۋالدى ۋە ئۇنى ئارانلا ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ بىر ئېغىزىغا جايلاشتۇردى. كېيىن، بۇ ئۇرچۇق ئىككى بولدى، ئۈچ بولدى. كېيىن رەسمىي دەستگاھتىن بىرنى قۇردى. ئايالى، قىزلىرى، ئۆزى ئىشلىدى. ئىش بارغانسېرى گۈللەندى. توپكاپىدا بەش دەستگاھلىق بىر توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قۇردى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا، ئىسمائىل ئەپەندى 140 ئىشچىسى بولغان بىر كارخانىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى.
بىر كۈنى، زاۋۇتنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى مالىيە ئىشخانىسىدا غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى: تارتما ئوچۇق، ئەمما پۇللار جايىدا.
ئىسمائىل ئەپەندى جاھانگىردىكى داچىسىدا، يېڭى توي قىلغان ئىككىنچى ئايالىنىڭ قوينىدىن تېخى چىقمىغانىدى. ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىشتى. ئىسمائىل ئەپەندى سېرىق رەڭلىك بىيك ماشىنىسىنى ھەيدەپ زاۋۇتقا كەلگەندە، ساقچىلار ئالىلقاچان تەكشۈرۈشكە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى.
زاۋۇت مۇدىرى ئىسمائىل ئەپەندىگە دوكلات قىلدى:
— تارتمىدا 178 مىڭ لىرا باركەنتۇق، باياتىن ساندۇق، 350 لىرا كەم چىقتى... باشقا پۇللار، چەكلەر ھەممىسى جايىدا...
ساقچىلار ھېچ بىر يىپ ئۇچى تاپالمىدى. بىر كۈن ئاۋارە بولغان ساقچى باشلىقى كېچە ئىسمائىل ئەپەندىگە:
— ئەپەندىم، — دېدى. — ئوغرىلىق دېلوسىنى ھازىرغىچە پاش قىلالمىدۇق. ئەمما بىر قانچە گۇمانلىق نۇقتىلار بار. مەسىلەن، ئاخشامقى نۆۋەتچى...
ئىسمائىل ئەپەندى ساقچى باشلىقىنىڭ سۆزىنى بۆلدى:
— ئۇ ئالمايدۇ، — دېدى. — چۈنكى، ئۇ بويتاق، يېتىپ قوپۇشى زاۋۇتتا، ئېھتىياجى يوق. سەھرادىن يېڭى كەلدى، تېخى كۆزى ئېچىلمىغان ئۇنىڭ.
— ئۇنداقتا دەرۋازىۋەن...
— ئۇمۇ ئەمەس. ئۇنىڭغا 150 لىرا ئايلىق بېرىۋاتىمەن. ئاندىن ئۇ شىركەتنىڭ ئەسكى-تۈسكىلىرىنى سېتىپ مائاشىدىنمۇ جىق پۇل تاپىدۇ. ئۇ ئالمايدۇ.
— ئىشچىلارنىڭ ئارىسىدا بىر كونا ئوغرى بارلىقىنى ئېنىقلىدۇق، ئەجىبا ئۇ...
— ئەمەس... ئەگەر ئۇ ئالسا 350 نى ئەمەس، ھەممىنى ئالاتتى.
ساقچى باشلىقى كاللىسىغا كەلگەن ھەممە ئادەمنى ساناپ چىقتى، ئىسمائىل ئەپەندى ھەممىسىنىلا ئىنكار قىلىۋەتتى. ئاخىرىدا ساقچى باشلىقى سورىدى:
— سىز كىمدىن گۇمانلىنىسىز ئەپەندىم ؟
ئىسمائىل ئەپەندى ئويلاندى، ئويلاندى.
— تاپتىم! — دېدى بىر چاغدا. — ئوغرىنى تاپتىم. چوقۇم شۇ!
— كىم ؟
— بىر كاتىپ بار، ئىسمى زەكىي...
— ئەمما، ئەپەندىم. مەن سۈرۈشتۈردۈم. نومۇسلۇق، تارتىنچاق بىر ياش... بەك تىرىشچان بىرى. قانداقسىگە...
— چوقۇم شۇ.
— بەلكىم، يېڭىلىشىۋاتىسىز...
— ئەسلا!... چوقۇم شۇ ئالغان.

— لېكىن...
— شۇ ئالغان، دەۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن.
— نېمىشقا؟
— چۈنكى... توغرا، توغرا، ئۇ ئالغان. چوقۇم ئۇ ئوغرىلىغان. ئەزبىرايى شۇ...
— پاكىت، ئەپەندىم؟
— پاكىتىم بار. كۈچلۈك پاكىتلىرىم بار. قاراڭ، بۇ ئادەم كۈندە ئون سائەت ئىشلەيدۇ، ئىشلەپ ئۆلەي دەيدۇ، ئاران 180 لىرا تاپىدۇ. ھازىر بىر ھامماللۇ ئايدا 500 لىرا تېپىۋاتسا. چوقۇم شۇ ئوغرىلىغان.
— ئەمما، ئەپەندى...
— ياق، ياق... ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن. ئانىسى، خوتۇنى، ئۈچ بالا... ئالتە جان! ئايدا 180 لىراغا قۇرۇق نان يېسىمۇ كۇن ئۆتمەيدۇ. ئوغرىلىق قىلماي ئامالى يوق... چوقۇم شۇ ئالغان.
— بەلكى...
— ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن گۇمانلانمايۋاتىمەن. ئۆي ئىجارىسى، يول كىراسى، ئۇستىباش... 180 لىرا يېتەمدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇ ئوغرىلىغان.
— بىراق...
— قولىدىن ھەر كۇنى مىڭلارچە پۇل ئايلىنىدۇ. ئاقىۋەت ئالدىغىنى ئاران 180... چوقۇم ئۇ ئالدى. ئالمىسا نېمە يەيدۇ؟...
ساقچى باشلىقى، ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ گۇمانى بىلەن كاتىپنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. كاتىپ قىزىرىپ-تاتىرىپ ئىشخانىغا كىردى.
— مەرھەممەت زەكىي ئەپەندى...
ھەممە يېرىدىن نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئورۇق كاتىپ ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. باشلىق يۇمشاق، سىپايە بىر ئاھاڭدا دانە-دانە:
— زەكىي ئەپەندى، — دېدى، — سىزگە قولۇمدىن كېلىشچە ياخشىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئالتە يىلدىن بېرى تۇزۇمنى يەۋاتىسىز. زاۋۇتقا 120 لىرا ئايلىق بىلەن كىردىڭىز، كېيىن مەن 180 لىراغا ئۆستۈردۇم. يەنە نېمە قىلاي؟ نومۇس قىلماي ئىشخانىدىن 350 لىرا ئوغرىلاشقا قانداق قولىڭىز باردى؟
زەكىي ئەپەندى كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا:
— نېمە دېسىڭىز ھەققىڭىز بار ئەپەندىم، — دېدى، — مەن بىر ۋىجدانسىزلىق قىلدىم. بەك ئېغىر كۇندە قالغانىدىم. بەلكى بىلمەي قالار، دەپ 350 لىرا ئالدىم. ئىككى ئايلىق مائاشىمنى تۇتۇۋالسىڭىز ئەپەندىم...
ئىسمائىل ئەپەندى بىردىنلا جىددى ھالەتكە كۆچتى:
— ياق!...- ۋارقىردى ئىسمائىل ئەپەندى، — بۇ ئىش بۇنداق تۈگمەيدۇ، زەكىي ئەپەندى!... ئۆز ۋاقتىدا مەن نومۇسسىز، پەس بىر ئەبلەخنىڭ يېنىدا 90 لىراغا ئىشلەيتتىم. بىر ئولتۇرۇشدا 40 مىڭلارنى قىمارغا سېلىپ بېرىپ بۇرۇتى تەۋرىمەيدىغان شەرەپسىز 50 لىرانى دەپ مېنى تۈرمىلەردە چىرىتتى. جازايىڭنى تارتىسەن، زەكىي ئەپەندى!...

ساقچى باشلىقنىڭ ئالدىدا گۇناھىنى ئىقرار قىلغىنى ئۈچۈن، كاتىپ زەكىينى ئېلىپ مېڭىشتى.
ئىسمائىل ئەپەندى تېخىچىلا غەزەپتىن ۋارقىراپ جارقىرايتتى. ساقچى باشلىقى تەسەللىي ئۈچۈن:
— ئەپەندىم، نېمىگە بۇنچىلىك ئاچچىقلىنىسىز؟ — دېدى. — جىق پۇلمۇ ئالماپتۇ. ئۇنچىلىك پۇلغىمۇ مۇھتاج ئەمەسسىز... يەنە كېلىپ ئوغرىنى تاپتۇق، جازاسىنى تارتىدۇ...
ئىسمائىل ئەپەندى:
— مەسىلە 350 لىرادا ئەمەس، — دېدى. — يەنە بىر ئادەم يېتىشتۇردۇق. بېشىمدىن ئۆتكەن ئىش. مەنمۇ بۇ يوللاردىن ئۆتۈپ يېتىشتىم. بىر يىل ئۆتۈپلا يېڭىدىن بىر مىليونېر چىقىدۇ... يەۋاتقان ئېشىمىزغا شېرىك چىقىدۇ... ئالە شەرىڭنى، مانا ساڭا بىر رەقىپ!... مەن شۇنىڭغا ئاچچىقلاۋاتىمەن... نېمىشقا سىڭگەن نېنىنى يەپ، نومۇس بىلەن ياشمايدىغاندۇ بۇ خەق.

# تۆگىلەر نەگە كەتتى

## ئەزىز نەسىن

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن دەركىن مەلۇم رايوننىڭ مال دوختۇرخانىسىغا مۇدىر بولۇپ تەقسىم قىلىندى. بۇ ياش ستۇدېنت يېڭى خىزمەت ئورنىغا كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل خىيالىي دۇنياسىغا چۆمدى. بىراق بېرىپ كۆردىكى، بۇ بىر بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان قاقاس جاي ئىدى. بۇ نەس باسقان جايغا كەلگەنلىك، ئېنىقكى سۈرگۈن قىلىنغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى.

ھەرقانچە ئۈمىدسىزلەنگەن بىلەنمۇ خىزمەتنى يەنىلا ئىشلەش كېرەكتە. دەركىن كاتىپنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئاۋۋال بۇ يەردىكى چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە چارۋا سانىنى ئىگىلەپ كۆرمەكچى بولدى. كاتىپ سەممىيلىك بىلەن:

- ھۆرمەتلىك مۇدىر، بۇ رايوندا ھېچقاچان چارۋىچىلىق رايونى بولغان ئەمەس، ھازىرمۇ بىرەر كالا ياكى قوينىمۇ تاپالمايسىز، - دېدى. دەركىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

- چارۋا بولمىسا بىز مال دوختۇرلىرى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمىز؟

كاتىپ تەمكىنلىك بىلەن:

- چارۋىنىڭ يوقلۇقى بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ، سىز ناھايىتى تېزلا بىلىپ قالىسىز، - دېدى.

دوكلات يوللىنىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى. دەركىن شۇندىلا بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. كاتىپ كونا ئۇستەلدىن ئىككى پارچە ماتېرىيالنى ئالدى. ئۇنىڭ بىرى ئالدىنقى ئايلىق دوكلات، يەنە بىرى مۇشۇ ئايدا يوللىنىدىغان دوكلات ئىدى. دەركىن ماتېرىيالنى قولىغا ئېلىپ، ئېغىزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. دوكلاتتىكى ئېقىلغان تۆگە سانى توپتوغرا 9076 تۇياق بولۇپ، بۇ

يەردىكى ئادەملەردىنمۇ كۆپ ئىدى. ياش مۇدىرنىڭ ئەجەبلەنگەن تۇرقىنى كۆرگەن كاتىپ چۈشەندۈردى:

- ئالدىنقى ئايدىكى تۆگىنىڭ سانى 8900، سويۇلغان ۋە ئاغرىپ ئۆلگەنلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، يېڭى ئەي بولغان تۆگىنىڭ سانى 176 بولۇشى مۇمكىن.

- نېمىشقا 170 ياكى 180 بولمايدۇ ؟

- پۈتۈن سان كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ. يۇقىرى رەھبەرلىك بىزنى «سان-سىفىرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى ياخشى» دەپ تونۇسىلا بولغىنى، ھۆرمەتلىك مۇدىر.

- بىراق بۇ يەرنىڭ كىلىماتى تۆگە بېقىشقا زادىلا ماس كەلمەيدىغان تۇرسا، قانداقمۇ قورقماي بۇنداق خاتالىقنى ئۆتكۈزۈشكە پېتىندىڭلار ؟

- بۇ مەسىلىنى مەنمۇ ئويلىغان. راستىمنى دېسەم، مەن بۇ يەردە بىر ئۆمۈر تۇرغان

بولسامۇ، تۆگىنىڭ تۆكىنىمۇ ئۇچراتقىنىم يوق. بىراق بەزى ئىشلار ئادەمنىڭ كۆز قارىشىنى

ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن. 20 يىل ئىلگىرى مەن بۇ خىزمەتنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدىلا دوكلاتتا 350 تۆياق تۆگە بار ئىكەن. قېرىلارنىڭ دېيىشىچە نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بىر ياز كۈنى بىر تۈركۈم تۆگە سودىگەرلىرى بۇ جايدىن ئۆتكەن ئىكەن. بىر سودىگەر كېسەل بولۇپ ماڭالماي قالغان ئۈچ تۆگىسىنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويغان ئىكەن، ئۇزاققا بارماي بۇ تۆگىلەر ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بىراق شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بىزنىڭ دوكلاتتا تۆگە توغرىسىدىكى مەلۇمات بولغان ئىكەن. سىز بىلىسىز، تۆگىنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ، بىراق شۇنچە ئۇزۇن يىلدا كۆپىيىپ، 8900 تۆياققا يېتىشى نورمال ئىش.

- ئەگەر يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ كېلىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق ؟

- سىز بەك ئارتۇقچە ئويلاپ كېتىپسىز. يۇقىرىدىكى ئەپەندىم بەك ئالدىراش، بۇ يەرگە كېلىپ بىر قاچا تاماققا ئېغىز تېگە-تەگمەيلا، بىر يىغىن بىلەن دەرھال باشقا ياققا كېتىپ قالىدۇ. شەخسەن ئۆزى كېلىپ چارۋا سانىنى تەكشۈرىدىغانغا زادىلا ۋاقتى يوق. سىزمۇ ئۆستۈرۈلۈپ يۇقىرىغا چىقىپ قالسىڭىز مۇشۇنداق بولىدۇ، ھۆرمەتلىك مۇدىر.

دەركىن كەچتە زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ مىنىستىرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى. مىنىستىر سۆزىدە ياشلارنىڭ خىزمەتتە ئەستايىدىل بولۇشىنى، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىنى، ناچار خاھىشلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. بىراق ساختا مەلۇمات 9076 تۆگە، ئەجەبا بۇ ناچار خاھىش ئەمەسمۇ ؟ شەكسىز جىنايەت ئەمەسمۇ ؟ بىراق مەن ھەرگىزمۇ ئالدىنقى مەسئۇللارغا ئوخشاش ئەخمەق ئەمەس، بۇنداق بىمەنە ئىش ماڭا كەلگەندە چوقۇم تۈگىشى كېرەك!

ئەتىسى دەركىن ئىشقا چىقىپلا كاتىپنى چاقىرتىپ، دوكلاتنى قايتا يازغۇزۇپ، كاتەكچىدىكى سانلارنى ئۆچۈرگۈزىۋەتتى.

- بىراق...

كاتىپ ئېغىز ئېچىشىغىلا دەرىكنى توختىتىپ قويدى:

- مەن دىڭگەندەك قىلىڭ، ئەپەندى.

كاتىپ ئامالسىز بېشىنى چايقاپ قويدى. 9076 تۆگە ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا بىردەمدە غايىب بولدى.

دوكلات مىنىستىرلىككە ئەۋەتىلىپ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، دەرىكنى تېلېفون ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. مىنىستىر ئۇنى چاقىرتقانىدى. دەرىكنى ھاياجان ئىچىدە يولغا چىقتى، كۆڭلىدە مىنىستىرنىڭ ئۆزىنى قانداق مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئويلاپ تاپالمىدى. ئۇنى بۇ نەس باسقان جايدىن يۆتكىۋەتكەن بولسا بەك ياخشى بولاتتى.

مىنىستىرنىڭ ئىشخانىسىغا خۇشال كىرىپ كەلگەن دەرىكنى ئىشلارنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ياخشى ئەمەسلىكىنى بايقىدى. مىنىستىر ئۈستەلنىڭ ئالدىدا غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ھومىيىپ تىكىلىپ تۇراتتى. دەرىكنىنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇ نېمە ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. مىنىستىر ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك بىردەم تىكىلىپ

قارىغاندىن كېيىن، غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى:

- تۆگىلەر نەگە كەتتى؟

دەرىكنى قورققىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمىدى ۋە بىرھازادىن كېيىن قايمۇققان ھالدا:

- مىنىستىر ئەپەندىم، تۆگە... ئۇ يوق، - دېيەلىدى.

مىنىستىر غەزەپتىن چىچاڭشىپ كەتتى:

- يوقال ئەبلەخ! بىر ئەمەس، ئون ئەمەس، يۈزمۇ ئەمەس، توپتوغرا 8900 تۇياق. سەن ئۇنچىۋالا كۆپ تۆگىنى نەگە ئىشلىتىۋەتتىڭ؟

دەرىكنى مىنىستىرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئېغىزىنى ئەمدى ئۇۋەللىشىگە، مىنىستىر تاقەت قىلىپ تۇرالماي، غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىدى:

- چۈشەندۈرۈشۈڭنىڭ كېرىكى يوق. ماڭا پەقەت تۆگە بولسىلا بولدى. بىراقلا 8900 تۆگە يوقاپ كەتسە، باش مىنىستىر مېنى يەۋېتىدۇ. لېكىن مەن ئاۋۋال سېنى يەۋېتىمەن. ئۇقتۇڭمۇ، دۆت ئېشەك!

دەرىكنى روھى چۈشكەن، ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا ۋەيرانە ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلدى. كاتىپ ئۇنىڭ باياننى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاتىرجەم ھالدا:

- جىددىيلەشمەڭ مۇدىر ئەپەندى، بىز تولۇقلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلەيمىز، - دېدى. ئارقىدىنلا كاتىپ دەرىكنىنىڭ ئىمزاسىدا مىنىستىرلىككە جىددىي بىر تېلېگرامما يوللىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ھۆرمەتلىك مىنىستىر ئالىيلىرى، كاتىپىنىڭ بىخەستەلىكى سەۋەبىدىن رايونىمىزدا 9476 تۆگە كەم يېزىلىپ قاپتۇ. ئالدىنقى ئايدا بىزدە بارى 8900 تۆگە، بۇ ئايدا ئەي بولغىنى 576 تۆگە. كېلەر ئايدا تۆگىلىرىمىز ئون مىڭدىن ئاشىدۇ. سىزگە سەممىي ئېھتىرامىمىزنى بىلدۈرىمىز!»

يىل ئاخىرى دەرىكنى تەكشەش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ ئۆستۈرۈلگەن ئىدى. پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن دەرىكنى بىلەن خوشلىشىۋاتقان ياشانغان كاتىپ ئۇنىڭغا:

- ھۆرمەتلىك مۇدىر، ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن. سىز مەن ئۆزىتىپ قويغان 20-نۆۋەتلىك مۇدىر بولۇپ قالدىڭىز، - دېدى.

# تامدا ساراڭ بار!

## ئەزىز نەسىن

- تامدا ساراڭ بار!...

پۈتۈن مەھەللە كوچىغا تۆكۈلدى. ئەتراپ تامغا چىقىۋالغان ساراڭنىڭ تاماشىسىغا كەلگەنلەر بىلەن تولدى.

دەسلەپ ساقچىخانىدىن، ئاندىن باشقارمىدىن ماشىنىلىق ساقچىلار كېلىشتى. ئارقىدىنلا ئوت ئۆچۈرۈشمۇ قوشۇلدى.

ساراڭنىڭ ئانىسى:

قوزام، جىگىرىم، پەسكە چۈشكىن... قېنى، ئوغلۇم... دەپ يالۋۇراتتى.

ساراڭ:

مەھەللىگە باشلىق قىلىڭلار مېنى، بولمىسا ئۆزۈمنى پەسكە ئاتىمەن! دەيتتى.

توققۇز نەپەر ئوت ئۆچۈرگۈچى يىگىت، ساراڭ ئۆزىنى تاشلىسا تۇتىۋالماق ئۈچۈن بىر پالاسنى ھەر بىرى بىر ئۇچىدىن تۇتۇپ، بىنانىڭ ئەتراپىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تەر ئىچىدە قېلىشتى.

ساقچى باشلىقى:

_ ئۆتۈنۈپ قالاي، چۈشە پەسكە! دەپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا يالۋۇراتتى.

_ مەھەللىگە باشلىق بولمەن! مېنى باشلىق قىلىڭلار، بولمىسا ئۆزۈمنى تاشلايمەن...

يالۋۇرۇشلار، ئالداشلار، قورقۇتۇشلار...نىڭ پايدىسى بولمايتتى.

_ چۈشە ھوي، پەسكە...

_ شۇلارنى قارا، مېنى پەسكە چۈشۈرگىچە ئۆزۈڭلار چىقمامسىلەر ئۈستىگە...

توپتىن بىرەيلەن:

_ "سېنى باشلىق قىلدۇق" دەپ قويايلى، - دېدى. باشقا بىرى:

_ قانداق بولىدۇ؟ - دېدى، - ساراڭدىن باشلىق بولامدۇ؟...

__ ئاللا ئاللا... شۇنداق دەپ قويىمىزدە... ھېلىمۇ ساراڭ باشلىق ئازمۇ بېشىمىزدا...

ھاسا تايانغان بىر قېرى:

__ بولمايدۇ، - دېدى. - راست بولسۇن، چاقچاق بولسۇن، بولمايدۇ.

__ بەلكى چۈشۈپ قالار...

__ چۈشمەيدۇ. مەن بۇلارنى ياخشى بىلىمەن. يۇقىرىغا بىر چىقتىمۇ، ئاسان چۈشمەيدۇ.

__ ئاۋۋال ئالداپ يۈرۈپ بولسىمۇ بىر چۈشۈرەيلىچۇ شۇنى، قالدىسى ئوڭاي!

__ چۈشمەيدۇ!

پەستىكىلەردىن بىرى ۋارقىرىدى:

__ سېنى مەھەللىگە باشلىق قىلدۇق! ئەمدى چۈشە پەسكە!...

ساراڭ:

__ چۈشمەيمەن! شەھەر كومىتېتىغا ئەزا قىلىڭلار، بولمىسا ئۆزۈمنى تاشلايمەن.

قېرى ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ:

__ قانداق، - دېدى، - مەن دېمىدىممۇ؟

__ دېگىنىنى قىلايلى.

__ بەربىر چۈشمەيدۇ. ئادەم ساراڭلىقى تۇتۇپ تامغا بىر چىقتىمۇ، بولدى، ھەرگىز چۈشمەيدۇ.

ساقچى باشلىقى:

__ قىلدۇق، - دېدى، سېنى شەھەر كومىتېتىغا ئەزا قىلدۇق. قېنى، بۇرادەر، پەسكە چۈشكىن، كومىتېت يىغىنىغا كېچىكمە!...

__ چۈشمەيمەن! شەھەر باشلىقى بولىمەن مەن!

قېرى:

__ كۆردۈڭلارمۇ، - دېدى، - ئەمدى تېخىمۇ چۈشمەيدۇ، بايام ئاسانراق ئىدى.

تەر ئىچىدە قالغان ئوت ئۆچۈرۈش قوماندانى:

__ شەھەر باشلىقى بولسا بولسۇن، نېمە بولاتتى؟ شۇ يەردىن بىر چۈشسۇن قېنى...

قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ ۋارقىرىدى:

__ ئاغىينە، پەسكە چۈش!... شەھەر باشلىقى قىلدۇق سېنى، چۈشۈپ ۋەزىپىگە ئولتۇر!...

ساراڭ، ئۇسسۇل ئوينىغاندەك سەكرەپ تۇرۇپ:

__ چۈشمەيمەن، - دېدى، - بىر ساراڭنى شەھەر باشلىقى قىلىۋالغانلارنىڭ ئارىسىدا ماڭا نېمە بار؟ چۈشمەيمەن!

__ ئەمسە؟!

ــ مىنىستىر قىلساڭلار چۈشەي!

پەستىكىلەر بىر دەم تالاشقاندىن كېيىن:

ــ خوپ، - دېيىشتى، - سېنى مىنىستىر قىلدۇق. ئەمدى چۈشكىن، خۇدا ھەققى! قارا، پۇقرالىرىڭ سېنى ساقلاۋاتىدۇ.

ساراڭ:

ــ چۈشمەيمەن! بىر ساراڭنى مىنىستىر سايلىۋالغانلارنىڭ ئارىسىغا چۈشىدىغان ساراڭمۇ مەن ؟!...

ــ ئەزىبىرايى، چۈشكىن پەسكە، مىنىستىر قىلدۇق دەۋاتىمەن سېنى، باشقا مىنىستىرلار سېنى ساقلىشىۋاتىدۇ... قېنى، چۈشكىن!...

ــ مېنى ساراڭ كۆرۈۋاتامسەن ؟ چۈشمەن، ئاندىن مېنى ئۇدۇل تۈرمىگە ئاپىرىسىلەر، شۇنداققۇ ؟ چۈشمەيمەن تازا!...

بايىقى قېرى:

ــ ئاۋارە بولماڭلار، چۈشمەيدۇ ئۇ! - دېدى. - مەن بۇ ساراڭلارنى ياخشى بىلىمەن. سىلەرنى مىنىستىر قىلىپ قويسا پەسكە چۈشەمتىڭلار ؟...

ساراڭ ئۈستىدىن ۋارقىرىدى:

ــ باش مىنىستىر قىلمىساڭلار، كارىم يوق، ئۆزۈمنى تاشلايمەن.

ــ قىلدۇق!... - ۋارقىراشتى ھەممەيلەن، - سېنى باش مىنىستىر قىلدۇق.

قېرى:

ــ چۈشسە ساقلىمنى كېسىۋېتىمەن! دېدى.

ساراڭ يەنە بىر پەس ئۇسسۇل ئوينىۋەتكەندىن كېيىن ۋارقىرىدى:

ــ پادىشاھ بولىمەن! پادىشاھ قىلىڭلار مېنى، بولمىسا...

قېرىنىڭ دېگەنلىرى توپتوغرا چىقىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراشتى:

ــ قانداق قىلايلى ؟ پادىشاھ قىلايلىمۇ ؟

ــ ئەمدى پۇرسەت كەتتى، ئۇ نېمە دېسە شۇنى قىلىشتىن باشقا ئامال يوق. بەرىبىر باش مىنىستىرمۇ قىلىپ بولدۇڭلار ئەنە...

ــ سېنى پادىشاھ قىلدۇق! دەپ ۋارقىراشتى، - قېنى، ئەمدى چۈشكىن، ئاۋايلا...

ــ چۈشمەيمەن! دېدى ساراڭ.

ــ يەنە نېمە دەيسەن ؟ پادىشاھمۇ بولدۇڭ، يەنە نېمەڭ كەم ؟!...

ــ چۈشمەيمەن! مېنى ئىمپېراتور قىلمىساڭلار ھازىرلا ئۆزۈمنى پەسكە ئاتىمەن!

قېرى:

ــ راستلا تاشلايدۇ ئۆزىنى. - دېدى.

ــ قىلدۇق! - دەپ ۋارقىراشتى. - سېنى ئىمپېراتور قىلدۇق. چۈشكىن!...

ساراڭ:

ــ بىر ئىمپېراتورنىڭ سىلەردەكلەرنىڭ ئارىسىدا نېمە ئىشى بار؟ - دېدى.

ــ ئەستاغپۇرۇللا... هوي، نېمە دەيسەن يەنە؟ دېگىنىڭنى قىلايلى، پەسكە چۈشكىن، خۇش بولايلى!...

تامدىكى ساراڭ:

ــ مەن ئىمپېراتورمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەستىكىلەر:

ــ ئىمپېراتور!

ــ مەن ئىمپىراتوركەنمەن، ئۇنداقتا، خالىسام چۈشمەن، خالىمىسام چۈشمەيمەن... چۈشمەيمەن!

ساقچى باشلىقىنىڭ رەسمىي ئاچچىقى كەلدى:

ــ سەكرىسەڭ سەكرە!... بىر ساراڭ ئازلار دۇنيادىن ناهايىتى!... دەپ ۋارقىرىدى ئىچىدە.

ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ قوماندانى قېرىدىن سورىدى:

ــ ئەمدى قانداق قىلدۇق؟ قەتئىي چۈشمەسمۇ بۇ ساراڭ؟

ــ چۈشىدۇ.

ــ قانداق؟...

ــ ماڭا قويۇپ بېرىڭلار!...

ھەممەيلەن قېرىنىڭ ساراڭنى قانداق چۈشۈرىدىغانلىقىغا قىزىقىشتى. قېرى تام تۆپىسىدىكى ساراڭغا:

ــ ئىمپېراتور ھەزرەتلىرى!... دەپ ۋارقىرىدى، - جانابلىرىنىڭ ئالتىنچى قەۋەتكە چىقىشقا رايى بار-يوقلۇقىنى بىلىشكە رۇخسەتمىكىن؟

ــ ماقۇل، - دېدى ساراڭ، ئاجايىپ جىددىي، ئەستايىدىل بىر ھالەتتە.

ساراڭ تامغا يېپىلغان تۆشۈكتىن ئىچىگە كىردى، پەلەمپەيلەردىن پەسكە چۈشتى. ئالتىنچى قەۋەتتە توختاپ، دېرىزىدىن خالايىققا قارىدى. قېرى:

ــ ئالىي ھەزرىتىم!... پاسبانىمىز بەشىنچى قەۋەتكە چىقىشنى خالامدىكىن؟

ــ چىقىمەن!

ھەممەيلەننىڭ ئاغزى يېپىلىپ قېلىشقاندى. تۆتىنچى قەۋەتتە توختاپ دېرىزىدىن خالايىقنى كۆزدىن كەچۈرىۋاتقان ساراڭغا قېرى:

ــ ھۆرمەتلىك شاھىنشاھ ئالىيلىرى! دۆلەتپاناھىمىز ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىشنى خالامدىكىن؟

ساراڭ:

ــ ئەلۋەتتە!... دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۈچىنچى قەۋەت دەرىزىسىگە كەلدى. بايىقىدەك ئۇسسۇللىرى، ھەر خىل ئويۇنلىرى يوق، ئاجايىپ بىر پادىشاھ تەمكىنلىكى بىلەن تۇراتتى.

ــ مۆھتىرەم ئىمپىراتورىمىز، ئىككىنچى قەۋەتكە كۆڭلى تارتمامدىكىن؟

ــ چىقمەن.

ئىككىنچى قەۋەتكىمۇ چۈشتى.

ــ ئالەمپاناھ پاسبانىمىز بىرىنچى قەۋەتكە چىقىشنى خالامدىكىن؟

ساراڭ كوچىغا چىقتى، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئۇدۇل قېرىنىڭ قېشىغا كەلدى. قولىنى قېرىنىڭ مۈرىسىگە قويدى:

ــ قارا سېنى، - دېدى، - قىپقىزىل ساراڭلىقىڭ ئېنىق چىقىپ تۇرۇپتۇ... ساراڭنىڭ كۆڭلىنى ساراڭ چۈشىنىدۇ-دە...

ئاندىن ساقچى باشلىقىغا:

ــ قاراپ تۇرماي مېنى باغلىمامسەن؟ - دېدى. - ساراڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىڭمۇ؟

ساراڭنى ئېلىپ مېڭىشتى. ھەممەيلەن ھەيرانلىقتا قېرىنى ئورىۋېلىشتى.

ــ بوۋاي ئەپەندى، قانداق ئەقلىڭگە كەلدى بۇ ھۈنەر؟...

قېرى:

ــ ھىم... - دېدى، - ئاسان ئەمەس، قىرىق يىل سىياسىيغا ئارىلاشتۇق- تە بىز...

ئاندىن بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋېتىپ:

ــ ئاھ!... دېدى، - كاشكى، ياش بولغان بولسام مەنمۇ چىقاتتىم بۇ تامغا، ھېچكىممۇ چۈشۈرەلمەيتتى مېنى...

# كىچىك ئاياغ

# ئەزىز نەسىن

ناۋادا سىز قىز سوراشقا بېرىپ قالسىڭىز، پۇتىڭىزغا كىچىك ئاياغ كىيىۋېلىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغان قىزغا ئۆيلىنەلەيسىز، قىز ماقۇل بولمىغان تەقدىردىمۇ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى سىزگە چېتىپ قويىدۇ.

مەن بۇ ھەقىقەتنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. دوستۇم سەرمەتنىڭ بىر قىزنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ سەرسان بولۇپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ، بىر يىغىلىشتا:

- قىز سېنى ياخشى كۆرەمدۇ ؟- دەپ سورىدىم.

شۇنداق، - دېدى ئۇ.

ئۇنداق بولسا توي قىلساڭ بولىدىكەنغۇ.

قانداق توي قىلالايمەن، دوستۇم! مەن ئىستانبولدا تېخى بىرەر ئىش قىلمىسام. ئاتا - ئانام بولسا ئەرزۇرۇمدا، بۇ يەردە ھېچنېمەم يوق. كىم بېرىپ قىزنى ئاتا- ئانىسىنى سوراپ بېرىدۇ ؟

ھەي، ئۇ ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. سەن ئۇدۇللا بېرىپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا: «قىزىڭىز بىلەن تونۇشۇپ چۈشىنىشتۇق، توي قىلىشمىزغا قوشۇلساڭلار» دېگىن!

سەن مېنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ ؟ ئىككى ئېغىز گەپنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان تۇرسام، ئۇنداق دېيىشكە مەندە نە يۈرەك. سەندەك گەپتان بولغان بولسام ئىدى، ئىش باشقىچە بولاتتى.

كۆڭلەرنىڭ بىردە سەرمەت يېنىمغا كەلدى.

قىزنىڭ ئۆيىگە بىللە بارايلى، سەن قىزنى مەن ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىدىن سورىشىپ بەرگىن، - دېدى ئۇ.

ھوي سەرمەت، ساراڭ بولدۇڭمۇ ؟ قانداق بولىدۇ ؟ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككىمىزنى كۆرسە سۈپۈرگە كۆتۈرۈپ قوغلاپ چىقىرىدۇ، - دېدىم مەن.

بىز ئۇ ۋاقىتلاردا 22 ياشلاردا ئىدۇق.

سەرمەت يالۋۇرغىلى تۇردى:

سەن قىزىق پاراڭ قىلىپ ئۇ ئادەمنى كۈلدۈرسەن. ئىشنىڭ ئاچقۇچى بىر قېتىم كۈلدۈرۈشتە. قىزنىڭ دادىسى ئاغزىنى ئېچىپ «ھا» دەپ كۈلدىمۇ، ئىش پۈتتى دېگەن گەپ. ئاندىن توختىماي قىزىقچىلىق قىلىسەن، ئاخىردا چىرايلىقچە سۆزلىشىپ، ئۇ ئادەمدىن ماقۇللۇق ئالىسەن.

سەرمەت، مەن قىلالمايمەن، - دېدىم.

قىز سەرمەتكە «يا مېنى دادامدىن سورايسەن، يا مېنى ئۇنتۇپ كېتىسەن!» دەپ ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتىپتۇ.

سەرمەتنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىپ شۇنداق دېدىم.

قېرىندىشىم، ئەسكەرلىكىڭنى قىلالمىدىڭ، توغرا- دۇرۇس ئىشىڭ يوق. ئۇ يەردىكى گېزىتخانىدا مۇھەررىرلىك قىلغان بولساڭ ئايدا 60 لىرا ئالاتتىڭ. مۇشۇنداق يۈرسەڭ قانداق ئۆي - ئوچاقلىق بولالايسەن ؟

ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋالسامىلا بولىدى. قىزنىڭ دادىسى باي ئادەم، ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلغىنىم ئېسىلغان. نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈن قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىشىپ بەر.

مەن قىلالمايمەن، سەرمەت.

ئۇنداق قىلماي، دوستلۇق يۈزىسىدىن بولسىمۇ كېيىنلىكىمگە باش قاتۇرۇپ قوي.

مەن ئامالسىز ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم. ئەمما، پۈتۈمدىكى ئاياغنىڭ چەمى ئاجراپ، تۇمشۇقى تىمساھنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ئاياغ بىلەن قىزنى سوراپ بارغىلى بولامدۇ؟ يېڭى ئاياغ ئالاي دېسەم يانچۇقتا پۇل يوق.

ھە ئېسىمگە كەلدى، - دېدى سەرمەت، - 10 لىرا ئېلىشىڭ بار ئىدى، ئۇنى ئالدىڭمۇ؟

بىزنىڭ ئىدارىنىڭ باشلىقى ياخشى ئادەم بولغاچقا، مائاشىمدىن ئېلىپ بولالمىغان 15 لىرانى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، يەرلىك ماللار بازىرىغا باردۇق، ئەڭ ئەرزان ئاياغلار مۇشۇ جايدا ئىدى. 37-نومۇرلۇق ئاياغقىچە بولغانلىرى باللار ئاياغلىرى سانىلىپ 14 لىرا 70 كۇرۇش ئىدى. 38- نومۇرلۇق ئاياغتىن 46- نومۇرلۇق ئاياغقىچە باللار ئايىغىدىن 10 لىرا قىممەت ئىدى.

مەن بولسام 38- نومۇرلۇق ئاياغ كىيەتتىم.

بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ تەڭسىزلىكىغۇ. بىر نومۇر پەرق بولغانلىقى ئۈچۈنلا 10 لىرا يۇقىرى باھادا سېتىلغان بارمۇ؟ بۇ تەڭسىزلىكنى مال ساتقۇچىغا دەپ ئولتۇرماستىن باشلىقنىڭ يېنىغا چىقتۇق. باشلىق چۈشەنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن:

مەندە نېمە ئامال، باھا مۇشۇنداق بېكىتىلگەن تۇرسا، - دېدى.

مەن ئارتۇقچە چىداپ تۇرالمىدىم.

دۇنيادىكى پۈتۈن تەڭسىزلىك يوقالسۇن!- دەپ ۋارقىرىدىم. - بىز قانداق قىلالايتۇق، - دېيىشتى ئۇلار.

بىز ئۇنداق دېدۇق، مۇنداق دېدۇق، ئاخىر ئامال قىلالماي، سەرمەت بىلەن پۇللىرىمىزنى يىغقان بولساقمۇ، 38- نومۇرلۇق ئاياغ ئېلىشقا چىقىش قىلمىدى.

37- نومۇرلۇقنى ئالغىن!- دېدى سەرمەت.

كىچىك كېلىدۇ.

سەرمەتتىن خاتىرە دەپ كىيەرسەن.

ياق ئاياغ خاتىرە بولالمايدۇ.

قانداق قىلىمەن؟ ئاخىر، ئامالسىز دوستۇمنىڭ خاتىرسى دەپ 37- نومۇرلۇق ئاياغنى ئالدىم. مەن ئۇنى كىيىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمنى سەرپ قىلدىم، ئىككى مال ساتقۇچىمۇ ياردەملەشتى، سەرمەتنىڭ بۇرنىدىنمۇ مۇنچاق - مۇنچاق تەر چىقىپ كەتتى. مەن ئايىغىمنىڭ بوغقۇچىنى چىگكەندىن كېيىن:

قېنى، ئورنۇڭدىن تۇر!- دېيىشتى.

چۈنكى، مەن ئولتۇرۇۋالغان بولغاچقا، ئىككى ئادەم قولتۇقۇمدىن يۆلىمىسە تۇرالمايتىم.

ۋايجان....دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

ئاللا ھەر كىمنىڭ ئايىغىنىڭ راھىتىنى بەرسۇن! ئاياغ راھىتى نە كۆڭۈل راھىتىگە، نە قەدەم خەيرلىكىگە، نە ۋىجدان راھىتىگە ئوخشىمايدۇ.

مال ساتقۇچى: بىر ئاز ماڭسىڭىز قويۇپ بېرىدۇ دېدى.

مېڭىش نە مۇمكىن بولسۇن، ئورنۇمدىنمۇ تۇرالمايۋاتسام. كېيىن مىلىك تەستە كوچىغا چىقتىم. بېلىمدىنمۇ تەر تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ چاغدا سەرمەت:

قىزنىڭ دادىسىغا دېگۈدەك گەپ تەييارلاپ بولدۇڭمۇ؟- دېدى تېخى.

بىز تراموۋايغا چىقتۇق.

هەي سەرمەت، ئۇنى سېلىۋېتمەن - دېدىم مەن چىدىماي.

ياق، ئۇنداق قىلما! بىر ئازدىن كېيىن بوشاپ كېتىدۇ، - دېدى ئۇ.

ئايىغىم بوشىماقتا يوق، ئەكسىچە كىچىكلەپ كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلاتتى. مەن جان ئاغرىقىدا:

پۇتۇمدىن تارتىپ چىقىرىۋەت!- دەپ ۋارقىرىدىم. تراموۋايدىكىلەرنىڭ هەممىسى ماڭا ئۆرۈلۈپ قاراشتى، - ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋەت، تراموۋايدىن چۈشكەندىن كېيىن كىيىۋالىمەن.

مېنىڭ هالىمغا يەتكەن يولۇچىلار، بىلەتچىلەر، باشقۇرغۇچىلار... هەممىسى ئايىغىمنى سالدۇرۇشقا ئۇرۇندى، ئەمما هەر قانچە قىلىپمۇ سالدۇرالمىدى. بىر يولۇچى:

ئاياغنى كېسىپ پۇتنى ئارام تاپقۇزايلى، - دېدى.

بولمايدۇ، - دېدىم مەن ۋارقىراپ، - 14 لىرا 70 كۇرۇشنى تەستە توشقۇزۇپ سېتىۋالغانمەن.

بىز ۋارقىراپ - جارقىراپ تارموۋايدىن چۈشتۇق. قانداق مېڭىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن، مەن يەرنى دەسسەۋاتامدىم ياكى يەر مېنى دەسسەۋاتامدۇ؟ شۇ ئارىدا سەرمەت:

ئوبدان گەپلەرنى قىلىپ دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇت، قىزىق گەپلەر بىلەن راسا كۇلدۇرگىن، - دېدى ئۆز غېمى بىلەن بولۇپ، - يەنە نەسىردىن ئەپەندە لەتىپىلىرىدىن سۆزلىگىن! ...

ئۆيگە كەلدۇق، ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا ئۆزۈمنى ئورۇندۇققا ئېتىپ، يۈزۈمنى قولۇم بىلەن توسۇۋالدىم. قىزنىڭ دادىسى:

ئەپەندى، نېمە بولدىڭىز؟- دېدى.

سەرمەت ماڭا قارايتى، قىزنىڭ دادىسى نېمە دېسە يىغلامسىراپ ئېغىزىمنى ئاچالمايتتىم، ئۆلۈم تەرلىرىنى تۆكمەكتە ئىدىم. چىرايىم شەلپەردەك قىزارغان، دوزاختا كۆيمەكتە ئىدىم.

سەرمەت ماڭا شۇنچە تەلمۈرگەن بولسىمۇ، مەندىن زۇۋان چىقمىغاچقا ، ئۆزى بۇلبۇلدەك سايراپ كەتتى. مەن چىپ - چىپ تەرلەپ كېتىۋاتاتتىم. قىزنىڭ دادىسى مەندىن:

سىز نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟- دەپ سوردى. سەرمەت:

خىجىل بولۇۋاتىدۇ، ئەپەندە، - دېدى.

مەن بولسام ئىككى قولۇمنى كىرىشتۈرۈپ تولغىناتتىم.

بۇ چاغدا، سەرمەتنىڭ سۆيگىنى قەهۋە كۆتۈرۈپ كىردى. قىزنىڭ چىرايىنى كۆرسەڭ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە قاچىسەن! ئاللا سەرمەتنىڭ جاجىسىنى بەرسۇن! بۇ قىز ئۈچۈن شۇ قەدەر جاپا چەككەن بارمۇ؟

ئاخىردا سەرمەت ئۇنى - بۇنى دەپ قىزنىڭ ئاپىسىنى، دادىسىنى كۈلدۈردى. مېنىڭ چىرايىم بولسا ئاچچىقتىن ئۆزگىرىپ، كۆزلىرىمدىن ئوت ياناتتى.

ئاخىردا سەرمەت قىز بىلەن توي قىلغۇسى بارلىقىنى دېدى.

چۈشەندىم، ئەپەندى ، - دېدى قىزنىڭ دادىسى.

پىشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا مەيلى، دېدى ئاپىسى.

سىز تېخى توي قىلمىدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى مەندىن قىزنىڭ دادىسى.

مەن بېشىمنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:

شۇنداق...

ئۇ يەردە ئېغىزىمدىن چىققىنى پەقەت «شۇنداق» دېگەن بىرلا سۆز بولدى. ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن سەرمەت:

سەنمۇ دوستۇممۇ؟ ئىست!- دەپ كېتىپ قالدى، مەن بولسام كوچىدا قالدىم. بىر قەدەممۇ ماڭالمىغاچقا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئايىغىمنى پۈتۈمدىن سالالىغان بولسام يالاڭ ئاياغ كېتەر ئىدىم. ئايىغىم پۈتۈمغا چاپلاشقانىدى، جىسمىم بىلەن بىر پۈتۈن بولۇپ ھېچبىر سېلىنمايۋاتاتتى.

ئىدارەمگە قانداق بارغىنىمنى بىلمەيمەن. ئىشخانامغا كىرىپلا:

خىزمەتداشلار، تېز بولۇڭلار!- دەپ ۋارقىرىدىم.

ئۇلا شۇنچە تىرىشىپمۇ ئاياغنى پۈتۈمدىن سالدۇرالمىدى.

كېسىۋېتىڭلار! كېسىۋېتىڭلار!

پىچاق، قايچىلار ئېلىپ كېلىندى. خىزمەتداشلىرىمدىن بىرى:

بۇ ئوپېراتسىيە قىلغاندەك ئىش، ئاۋايلاڭلار - دېدى.

ئاڭلىغىنىكى، ئاياغنى كېسىپمۇ باقتى، لېكىن ئاياغ پۈتۈمغا شۇنچىلىك چاپلىشىپ كەتكەنلىكتىن ھېچ ئاجراي دېمەيتتى. ئاخىر ئاياغنى پارچە- پارچە كېسىۋەتكەندىن كېيىنلا، پۈتۈم ئاندىن راھەتكە چىقتى.

مەن ئۈچ كۈن ماڭالمىدىم. ئىشنىڭ چوڭى ئۇنىڭدىن كېيىن چىقتى تېخى 40-نومۇرلۇق ئاياغنى ئېلىپ تەستە كىيدىم. پۈتۈم راھەتكە چىقا- چىقمايلا، ئەنە شۇنداق قىلىپ ئايىغىم يېڭىلاندى. بىز ئىنسانلار مۇشۇنداق ئەمەسمۇ؟ قانچىلىك بىسىم ئىشلىتىلسە ئىشلىتىلسۇن، ئۇ بىسىمدىن قۇتۇلا- قۇتۇلمايلا ھېچ بىر ئىچىمىزگە پاتمايمىز.

بۇ ئىشتىن تۆت كۈن كېيىن سەرمەت ئالماقچى بولغان قىزنىڭ دادىسى مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ تاغدىن - باغدىن سۆزلىگەندىن كېيىن:

بىز قىزىمنى سىزگە بېرىش قارارىغا كەلدۇق، - دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم:

نېمىشقا؟ مەن چۈشىنەلمىدىم...

چۈنكى، - دېدى ئۇ، - سىز بىزگە يېقىپ قالدىڭىز. ھاياتىمىزدا سىزدەك ئۇياتچان، ئەدەپلىك بىر ياشنى كۆرمىگەن. ئۆيىمىزگە كەلگەن كۈنىڭىزدە ئۇياتچانلىقىڭىزدىن يۈزىڭىز قىزىرىپ، چىپ-چىپ تەرلەپ كەتتىڭىز، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلالمىدىڭىز، قىسقىسى، ئۆزىڭىزنى قويغىدەك يەر تاپالمىدىڭىز. سىزدەك ئەدەپلىك يىگىت كىرگەن ھەرقانداق ئائىلە بەختلىك بولىدۇ.

بىراق... دوستۇم... ئۇ قانداق قىلىدۇ؟

ئەپۇ قىلىڭ. ئۇنداق خىجىل بولۇشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر يۈزسىز كېلىدۇ. يۈزنى قېلىن قىلىپ دەيدىغانلىكى گەپ بولسا دېدى. مېنىڭ ئۇنداقلارغا بېرىدىغان قىزىم يوق.

مەن ھازىرچە ئۆيلىنىشنى خالىمايمەن، ئەپەندى.

خالاڭ... مەن يەنە كېلىپ سىزنى خالىتىمەن.

ئۇ ئادەم ئىككى ئۈچ كۈندە بىر كىلىپ مېنىڭ ئەدەپلىك، ئۇياتچانلىقىمنى ماختايتتى.

مەن سىزدەك ئەدەپلىك، پاكىز، ئەخلاقلىق...يۈزىڭىز تۆۋەن ... قولىرىڭىزنى قويغۇدەك ...

بۈگۈن چىداپ تۇرالماي، ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىكى گېزىتكە ئورالغان 37- نۇمۇرلۇق ئاياغنىڭ پارچىلىرىنى چىقىرىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا تاشلىدىم.

مانا بۇ ئەدەپ - ئەخلاق، ئۇياتچانلىق...- دەپ ۋارقىرىدىم مەن، - ئېلىپ كېتىڭ، بۇنىڭ بىلەن قىزىڭىزنى ياتلىق قىلىڭ!

مەندىن ساۋاق، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، قىزنى سوراشقا بارسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆيىگە چوقۇم بىر - ئىككى نۇمۇر كىچىك ئاياغ كىيىپ كىرىڭ.

# سىلەرنىڭ مەملىكەتتە ئېشەك يوقمۇ؟

# ئەزىز نەسىن

چىشى ئاغرىۋاتقاندەك بىر قولى يۈزىدە، بېشىنى چايقاپ ئۆيگە كىردى. ئۆزىنى كاچاتلىغاچ توختىماي:

- تۇفي! رەسۋاچىلىق، شەرمەندە بولدۇق... دەيتتى. ئادەتتىغۇ ھالى چوڭ بىر ئادەم. ئىشكتىن كىرەر-كىرمەي، سالاممۇ بەرمەستىن "رەسۋا بولدۇق..." دېيىشىگە ھەيران قالدىم.

- خۇش كەلدىڭىز، - دېدىم، - مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ...

- شەرمەندە بولدۇق، رەسۋاچىلىق...

- قانداق ئەھۋالىڭىز؟

- قانداق بولاتتى؟ يەنە قانداق بولاي؟ رەسۋا بولدۇق ئەنە... تۇفي!

بېشىغا بىر دەرت كەپتۇ-دە، دېدىم. يەنە ئائىلە ماجراسى ھەقچان.

- شۇنچىلىك سەتلەشتۇقكى... ئىككى پۇتۇمغا ئەرزان بولۇپ كەتتۇق...

- نېمە بولدى؟

- يەنە نېمە بولسا بولاتتى؟ قوتۇر بېسىپ كەتكەن قېرى ھاڭگىنى ئىككى مىڭ بەش يۈزگە ساتتى...

كەينىمگە داجىپراق چىرايىغا قارىدىم: ئەقلىدىن كەتمىگەندۇ؟ قورققىنىمنى يوشۇرمايمەن. ئايالىمنى چاقىرىشقا باھەنە ئىزدەپ:

- قە...قەھۋە ئىچەمسىز؟ دېدىم.

- قوي شۇ قەھۋە-پەھۋەنى، - دېدى. - رەسۋا بولدۇق... بىر قېرى ئېشەك ئىككى مىڭ بەش يۈزگە يارامدۇ؟

- ئېشەك ئېلىپ-سېتىپ باقمىغاچقا بىلمەيدىكەنمەن...

- مەنمۇ ئېشەك بازىرىدا چوڭ بولمىغان، ئەمما بىر ئېشەككە ئىككى مىڭ بەش يۈز سانمايدىغانلىقىنى بىلمەن...

- چېچىلىپ قاپسىز بىر ئاز.

- چېچىلماي ئەمسە، مەن چېچىلسۇن؟ ئىككى مىڭ بەش يۈزگە سېتىلغان ئېشەكنى كۆرۈپ باققانمۇسەن؟

- 20 يىلنىڭياقى ئېشەك كۆرۈپ باقمىدىم...

- ھەي، مەن ساڭا بىر ئېشەكنىڭ ئىككى مىڭ بەش يۈزگە سېتىلغىنىنى كۆرگەنمۇ، دەۋاتىمەن.

- بىلمىسەم... بەلكى، ئۇقۇمۇشلۇق بىر ئېشەكتۇر...

- ئۇقۇمۇشلۇقلۇقى قۇرۇسۇن، ئېشەك دەۋاتىمەن، ئېشەك... نۇتۇق سۆزلەيدىغان ئەمەس، ھاڭرايدىغان ئېشەك، بىلدىڭمۇ، ھاڭرايدىغان! تېخى قېرى، قوتۇر بىر ھاڭگا... بىچارىگە ئىككى مىڭ بەش يۈزگە ساتتى. ئەڭ يامان بولغىنى نېمە بىلەمسەن؟ بۇ سودىغا مەن سەۋەب بولدۇم.

- ھە؟ قانداق قىلىپ؟

- دەل شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم... ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايالىم بىلەن تەكلىپ بويىچە ئامېرىكىغا بارغاندۇققۇ؟ بىلسەن، بىر يىل تۇرۇپ كەلدۇققۇ ئۇ يەردە.

- بىلىمەن.

- ئامېرىكىدا بىر پروفېسسور بىلەن تونۇشتۇم. دوست بولدۇق. كۆپ ياردەم قىلدى. قايتقاندىن كېيىنمۇ خەت يېزىشىپ تۇردۇق... بىر مەكتۇبىدا بىر ئاغىنىسىنىڭ تۈركىيىگە بارماقچىلىقىنى، ئۇياقنىڭ ئاسار-ئەتىقە گىلەملەر مۇتەخەسسىسى ئىكەنلىكىنى، گىلەم ھەققىدە يازماقچى بولغان بىر كىتابى ئۈچۈن تۈركىيىگە تەتقىقاتقا بارىدىغانلىقىنى يېزىپ، مەندىن ئۇ بۇرادەرگە ياردەم قىلىشىمنى ئۆتۈنۈپتۇ. مەنمۇ ئەگەر مېنىڭ تەتىل ۋاقتىمدا كېلەلىسە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىغىنىمنى ئېيتىپ جاۋاب يازدىم. بۇ گىلەمشۇناس بۇرادەر ئاۋال ھىندىستانغا، ئاندىن ئىرانغا بېرىپ،

تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئاندىن تۈركىيىگە كېلەرمىش. دېمەك، ۋاقىت ھەممىمىزگە ئۆيغۇن.

7-ئايدا كەلدى. ئامېرىكىلىق پروفېسسور دوستۇمدىن مېنىڭ ئادرېسىم، تېلفون نومۇرۇمنى ئېلىۋالغانىكەن. چۈشكەن مېھمانخانىسىدىن تېلفون قىلدى بىر كۈنى. باردىم. ئالۋاستى چىراي بىر نېمىس پۇشتى ئامېرىكىلىق. بەلكى يەھۇدىي قېنىمۇ بار بىر شالغۇت، ياكى نېمىس قانلىق، ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن بىر يەھۇدىي. تۈركىيىگە كېلىشتىن بۇرۇن ئايلانغان يەرلىرىدىن تۆت تاغاردا لىق گىلەم، پايانداز، پالاس ئەكەلگەنمىش. كۆرسەتتى. ئەسكى-تۈسكى گىلەم، خۇرجۇن پارچىلىرى... دىن ئۇ ناھايىتى مەمنۇن كۆرۈنەتتى. باھاسىز بىر خەزىنە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. تېخى، ئېنى ئۈچ غېرىچ، بويى بەش-ئالتە غېرىچ بىر كونا گىلەم پارچىسىنى ئەڭ ئاز بولغاندا ئوتتۇز مىڭ دوللارغا يارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ نەرسىنى ئىراندا، يوقسۇل بىر سەھرالىقتىن بىر دوللار ئەتراپىدا دىنارغا سېتىۋالغاندا، بىچارە دېھقان ھاياجاندىن سەكرەپ كەتكەنمىش، ۋە ئۇنىڭغا دۇئالار قىلغانمىش.

نېمىشقا بۇنچىلىك پۇلغا يارايدىغانلىقىنى سورىدىم ئەلۋەتتە. "چۈنكى، دېدى، - بۇنىڭ ھەر چاسا سانتىمېتىرىدا مىڭلارچە ئىلمەك بار، شاھانە بىر ئەسەر بۇ" ئۇ ئاجايىپ بىر ھاياجاندا ماڭا چۈشەندۈرەتتى. ھازىرغىچە ئەڭ جىق بولغاندا بىر چاسا سانتىمېتىرىدا يۈز ئىلمەك بولغان گىلەمدىن بىرسىلا بارمىش دۇنيادا، قايسىبىر مۇزېيدىمىش، تام گىلىمىمىش. بىر پالاسنى كۆرسىتىپ "ئەللىك سېنتقا ئالدىم" دېدى، "ئەڭ ئاز بەش مىڭ دوللار" دېدى، ھەيرانلىقىمدىن كۈلەتتى.

- قانداقىسىگە بۇنچە ئەرزان ئالالىدىڭىز ؟ دېدىم.

- قىرىق يىل مۇشۇ ئىشنىڭ پېشىدە يۈرۈيمىز ئەپەندىم، -دېدى. - بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە يارىشا ئۇسۇلىمىز بار.

ئاندىن، شۇنداق چارىلەرنى ئېيتتىكى، ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. گىلەم ئالبۇمى، گىلەم ھەققىدە ئۈچ كىتاب چىقىرىپ بولغانمىش. دۇنيادىكى ئەڭ باي بىر قانچە گىلەم مەركىزىنىڭ بىرى ئۇنىڭمىش.

ئانادولۇ ساياھىتىگە چىقتۇق. يۇرت-يۇرت، ئۆي-ئۆي ئايلاندۇق. مەسجىدلەرگە كىرىپ، يارىغان گىلەملەرنى رەسىمگە تارتىپ، چۈشەندۈرۈش يازاتتى. بىر نەچچە يەردىن ئەسكى كىگىز، پالاس، گىلەم ئالدى. بۇ يەردە ئالغانلىرى، ھىندىستاندىن، ئافغانىستاندىن، جۇڭگو تۈركلىرىدىن، ئىراندىن ئالغانلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەسمىش. "قىممەتلىك تۈرك گىلەملىرى كۆپ، ھېچ ئۇچرىمايۋاتىدۇ" دەيتتى.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بىر يەرگە كەلدۇق. ئامېرىكىنىڭ ۋە گېرمانىيىنىڭ بىردىن قېزىش ھەيئىتى بەش ئون كىلومېتىر دائىرىدە چېدىر قۇرۇپ، ھەممە يەرنى قېزىپ، ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىكەن.

قېزىلىۋاتقان يەر بىر كەنت چوڭلۇقىدىكەن. نۇرغۇن چېدىرلار قۇرۇلغان. ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىنمۇ ئون ئەسىرلەر بۇرۇنقى مەدەنىيەت كولاپ چىقىرىلغانمىش. مۇشۇنداق قېزىۋەرسە يەرنىڭ ئاستىدىن بىر ئەمەس، بىر مۇنچە شەھەر چىقارمىش. سارايلار، مازارلار دېگەندەكلەر...

قانداقلا بولمىسۇن، زېرىكىشلىك بىر ئىش بولمىغىنى ئۈچۈن، بۇ يەرگە تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە ھەۋەسكارلىرى شۇنچىلىك كۆپ كېلىدىكەنكى، ھەر ئىككى-ئۈچ كىلومېتىردا بەش ئون ساياھەتچىگە يولۇقتۇق. خارابىلىك ئەتراپىدىكى يېزىلىقلار ھەممىسى دېگۈدەك سېتىقچى بولۇپ كەتكەن، يەر ئاستىدىن چىققان تارىخى ئەسكى-تۈسكىلەرنى ساياھەتچىلەرگە ساتاتتى. ئۇششاق باللارمۇ يول بويىدا تىزىلىپ، ساياھەتچىلەرگە يەر ئاستىدىن چىقارغان ھالقىلار، تاشلار، چىنە پارچىلىرىنى تەڭلەيتتى. كىچىككىنە، يالاڭئاياق قىز-ئوغۇللار "ۋان دالېر، تۇ دالېر..." دېيىشىپ چاڭگىلدىشاتتى.

بۇ يەرگىچە كەپتۇق، بىرەر نەرسە ئېلىپ قوياي، خاتىرە بولۇپ قالسۇن، دەپ، ئون ياشتا كۆرۈنگەن سېرىق چاچ بىر قىزدىن بىر ئەسكى قۇلۇپ، يېنىدىكى بىر ئوغۇلدىن ئادەم كاللىسى شەكلىدىكى كىچىك بىر كۆكتاش ئالدىم. بۇ كۆكتاشنى ئۈزۈك كۆزى قىلىشقا بولاتتى.

- قانچە پۇل ؟ دېدىم.

قىز قۇلۇپقا قىرىق، ئوغۇل كۆكتاشقا ئون بەش باھا قويدى. مەنمۇ دۆت ئەمەستە ؟ ئەرزان ئالالمايتتىممۇ ؟

- قىممەتكەن... دېدىم.

پىشقان بىر سودىگەرلەردەك ماللىرىنى ماختاشقا باشلىدى. قانداق قىممەت بولسۇن! ئاتىسى كونىبويى ئىشلەپ، بەش مېتىر يەر ئاستىدىن تاپسۇن، يەنە قىممەتمۇ ؟ ئاسارە-ئەتىقشۇناس بۇرادەر بۇ نەرسىلەرنىڭ نە تارىخى، نە ساقلاش قىممىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، شەرقتە ئايلىنىپ يۈرگىنىدە ھەممە يەردە مۇشۇنداقلىقنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى:"ئۇ يەرلەردىمۇ ئوپمۇئوخشاش. نەدە بىر يەر قېزىلسا، شۇ يەردە ئەر-ئايال، قېرى-ياش ھەممىسى چىقىپ ساياھەتچىلەرنى توسۇپ، قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئاسارە-ئەتىقە دەپ ساتىدۇ..."

بۇ سەھرالىقلار شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن ياسايدىكەنكى ئۇ نەرسىلەرنى، مەشھۇر ئارخېئولوگلارمۇ پۇلنى راسا خەجلەپ سېتىۋالارمىش. ھەتتا بىر ئامېرىكىلىق ساياھەتچىگە بىر ئىت ئۆلۈكىنى، تۆكلىرىنى تاراشتۇرۇپ، ئۈيان-بۇيان قىلىپلا، بەش مىڭ يىللىق پادىشاھ مومياسى دەپ ساتقانمىش. بۇلارنى دەۋېتىپ، مېنىڭ ھەيرانلىقىمدىن كۈلەتتى. ئەمما، ئۇنىڭچە بۇمۇ يامان ئىش ئەمەسمىش، چۈنكى ھۈنەر ئۆزى ياخشى ئىشتە ؟ مەسىلەن، بايىقى ئادەم كاللىسى شەكىللىك تاش... ئاسانمۇ شۇ شەكىلگە كىرگۈزمەك...

ئىجارىگە ئالغان ماشىنىدا كېتىۋاتىمىز. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق. يول بويىدا ئىككى ئۈچ تۈپ دەرەخ، يېنىدا بىر قۇدۇق كۆردۇق. سايىدە دەم ئالماقچى بولدۇق. قارىساق، بىر قېرى سەھرالىق سايىدە ياتقانىكەن، سەل نېرىدا بىر ئېشەك تۇراتتى.

قېرى بىلەن سالاملاشتۇق، پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئامېرىكىلىققا تەرجىمە قىلىپ بېرەتتىم.

- بۇ يېزىلاردا نېمە تېرىيسىلەر ؟ دېدىم.

- ھېچنىمە... دېدى. - بۇرۇن ئۇنى-بۇنى تېرىيتتۇق. قاچان بۇ قېزىش باشلاندى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەملەر ھورۇنلىشىپ كەتتى... 20 يىل بولدى، دېھقانچىلىق يوق...

ئامىرىكىلىق:

- مەن كۆرگەن باشقا يەرلەردىمۇ خۇددى شۇنداق، - دېدى.

قىرىدىن سورىدىم:

- ئۇنداقتا، نېمە بىلەن تىرىكچىلىق قىلىسىلەر؟

- يەر ئاستىدىن چىققان تاش-پاش، قاچا-قۇچا سۇنۇقى مودا بولۇپلا، ھەممەيلەن ئېتىزنى تاشلىدى، كۆرۈنگەن يەرنى كولاپ، نېمە تاپسا كېلىپ-كېتىپ يۈرگەن ئەجنەبىيلەرگە سېتىپ يۈرىشىدۇغۇ...

ئامىرىكىلىق:

- باشقا يەرلەردىمۇ خۇددى شۇنداق...

قىرى:

بىزنىڭ بۇ خەق بىر توپ ئەخمەق، - دېدى. - مەملىكەتنىڭ پۈتۈن بايلىقىنى ئەرزىمەس پۇلغا ئەجنەبىي ئوغرىلارغا سېتىپ تۈگىتىشتى... بۇ تۇپراقلارنىڭ ئاستىدىن نېمىلەر چىقمىدى دەيسەن؟ ئاجايىپ تاش تۈۋرۈكلەر، مازارلار چىقتىكى، ئەگەر نەق باھاسىغا ساتالىساقتۇق، بۇنداق تۈركىيدىن ئۇننى قۇراتتۇق يەنە. ئەجنەبىي دېگەن ئوغرى دېگەن گەپمىكىن دەيمەن، چوقۇم شۇنداق... ھەممىنى ئوغرىلاپ تۈگىتىشتى شەرەپسىزلەر. ئوغرىلىغانلىرىنى ئۆز يەرلىرىگە ئاپىرىپ چوڭ چوڭ شەھەرلەرنى قۇرغانمىش. يا ئۆزلىرى ئوغرىلايدۇ، يا سەھرالىقلارنى ئالداپ، بىكارغا ئېلىۋېلىشىدۇ.

ئامىرىكىلىق:

- باشقا يەرلەردىمۇ خۇددى شۇنداق...

- ئەمدى، - دېدى قىرى، - يەر ئاستىدا پوقمۇ قالمىدى چىققۇدەك. بولغان تەقدىردىمۇ كارىڭ بولمىسۇن، ھۆكۈمەتنىڭ پەيلى يامان، ھېچكىمگە بىر نەرسە تۇتقۇزمايدۇ. بۇ يېڭىڭدىكى ئەجنەبىي يەنە ئوغرىلىماقچى بولسا ھۆكۈمەتنىڭكىنى ئوغرىلايدۇ ئەمدى. ھۆكۈمەت دېگەن گۇيلارمۇ ئۆزىنى ساتقىلى تۇردى باھاسىغا...

- خۇددى شۇنداق...

- ئۇنداقتا، ھازىر كىشىلەر قانداق كۈن ئېلىۋاتىدۇ؟

- كېيىن... بۇ يەرلەردە ئالتە يېزا بار. ئۆيلىرىگە قاراپ باق. بىر پۈچۈق قازىنىمۇ يوق، نە چىنە-قاچا، نە ئوچاق... ھەممە ئۆي قۇپقۇرۇق...

- نېمىشقا ئەمدى؟

- نېمىشقا بولاتتى؟ ساتتى ھەممىنى. يىگىنىمۇ قالمىدى ئۆيلەردە. ئاسارە-ئەتىقە دەپ ئۆزىدىن باشقا ھەممىنى سېتىپ يەپ بولۇشتى. يەرگە كۆمۈپ، ئىسقا تۇتۇپ، ئېچىتىپ، سىرىتىپ... دېگەندەك چارىلەر بىلەن ھەممە نەرسىنى ئاسارە-ئەتىقە ياساشتى. يۈز دېگەن قالمىدى بۇ يەرلەردە ئەپەندىم... قايسى كۈنى تېخى ئەمدى ئايغى چىققان، بارماقتەك بىر بالا ئېشىكىمنىڭ توقۇمنى ئوغرىلاۋاتىدۇ. نېمە قىلىدۇ ئۇنى دەمسەن؟ ئاپىرىپ كۆمىدۇ بىر يەرگە... چۈشەندىڭمۇ؟ ئاندىن كۆمگەن يېرىدىن

ئېلىپ ساتىدۇ. تويلۇقىمۇ ئاسارە-ئەتىقە سورىشىدۇ. شۇنداق ھۈنەرلىرى باركى، ئېشەك تاقىسىدىن مېداللىيونلار، كونا زاماندىكى تىللالارنى ياسىشىدۇ.

- ساڭا دېمىگەنمىدىم؟ باشقا يەرلەردىمۇ خۇددى شۇنداق...

يەنە سورىدىم قېرىدىن:

- خوش، سەن نېمە ئىش بىلەن جان باقىسەن؟

- ئېشەك ئېلىپ ساتىمەن

شۇنداق دەۋېتىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ ئېشەكنى سۇغاردى. ئېشەك سۇ ئىچىۋاتاتتى، ئامېرىكىلىق تۇيۇقسىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئېشەكنىڭ يېنىغا باردى. مەن قېرى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتىم.

- ھال-كۈنۈڭ قانداقراق ئېشەك تىجارىتى بىلەن؟

- خۇداغا شۈكرى... بەش يىل بولدى تۇرمۇشۇم ئېشەك سودىسى بىلەن ئۆتىدۇ.

- قانچىلىك پۇل تاپىسەن مەسىلەن؟

- ئوخشىمايدۇ، ئېشەككە بېقىپ بىر نەرسە قالىدۇ شۇ...

- بىر ئېشەكنى قانچىلىك ۋاقىتتا قولدىن چىقىرالايسەن؟

ئوخشىمايدۇ. بەزىدە ئۈچ ئاي، بەش ئاي تۇرۇپ قالىسەن بىر ئېشەكنىڭ تېزىكىنى پۇراپ، بەزىدە بىر كۈندە بەش ئېشەكنى ئۆزىتىسەن...

ئامېرىكىلىق يېنىمغا كەلدى. ھاياجاندىن تىترەپ تۇرۇپ:

- ئوھ ماي گاد، دېدى، - شۇ ئۈچۈلۈقنى كۆردۈڭمۇ، ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى؟

ئىنگلىزچە سۆزلىگەچكە ئېشەكچى چۈشىنەلمەيتتى. ئېشەكنىڭ ئۈستىدە كونا، ئۆڭۈپ كەتكەن، ئىسكەتسىز بىر ئۈچۈلۈق كۆردۈم.

- ئاشۇ ئەخلەتنى دەۋاتامسەن؟ دېدىم.

- تەۋەررۈك! دېدى ئۇ، - كەم-كۈتسىز بىر گۆھەر ئۇ، گۆھەر! سىلەر پاراڭلىشىۋاتقاندا تەپسىلى كۆردۈم. رەڭگى، شەكلى، ھۈنەر... تامامەن بىر شاھانە ئەسەر. دۇنيادا بۇندىقى يوق، تەڭداشسىز نەرسە...

- سېتىۋالماقچىمۇسەن؟ دېدىم.

- ئەلۋەتتە، بىراق... بۇ قېرى ئالدىغىنىمنى بىلمىسۇن. مەن بۇنداقلارنى ياخشى بىلىمەن. تاشلىۋەتمەكچى بولغان كونا، يىرتىق كەشىنى ئالاي دەپلا قويساڭ، دېمەك بۇنىڭ قىممىتى باركەن، دېمەك ئاسارە-ئەتىقىكەن، نېمىشقا بىلمەي قالغاندىمەن، دەپ بىر پاتمان پۇل سورايدۇ. سورىغىنىنى بېرەي دەپ قويدۇڭمۇ، باھاسىنى ئۆستۈگىنى ئۆستۈرگەن... ئۇنىڭغا بىلدۈرمەيلى...

شۇ ئەسنادا قېرى:

- نېمە دەپ كېكەشلەۋاتىدۇ كاپىر؟ نېمە دەپ غوتۇلدىشىۋاتىسىلەر؟ دەپ قالدى.

- ھېچنېمە، - دېدىم. - بۇ يەرلەرنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، دەۋاتىدۇ...

- ياخشى كۆرگۈدەك نېمە بار بۇ يەردە؟ تاپتاقىر يەرلەرغۇ...

ئامېرىكىلىق:

- مەن ساڭا باھانى تۆۋەنلىتىش ئۇسۇللىرىنى دەپ بەرگەنىدىمغۇ؟ ھە، ھازىر شۇ ئۇسۇللاردىن بىرنى ئىشلىتىمىز.

- قانداق ئۇسۇل؟

- ئۇچۇلۇقنى سورىمايمىز، ئېشەكنى ئالىمىز. قېرى ئۇ ئۇچۇلۇقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ ئەلۋەتتە، شۇڭا ئۇچۇلۇق ئېشەك بىلەن بىللىلا قولغا كېلىدۇ. ئاندىن بىز ئۇچۇلۇقنى ئېلىپلا، ئېشەكنى قويۇۋېتىمىز. سەن ھازىر ئۇنىڭغا مېنىڭ ئېشەكنى ئالىدىغىنىمنى ئېيت...

قېرىغا:

- سەن ئېشەكنى ساتىسەن، شۇنداققۇ؟ دېدىم.

- ئەلۋەتتە، ساتىمەن... دېدى.

- مەسىلەن، بۇ ئېشەكنى قانچىگە ساتىسەن؟

- خېرىدارىغا قارايمىز...

- بىز خېرىدار بولساق؟

كۈلدى:

- مېنى چېلىۋاتامسىلەر نېمە؟ سىلەر ئەپەندىلەر ئېشەكنى نېمە قىلاتتىڭلار؟

- سېنىڭ نېمە كارىڭ... ئېشەكنى ئالىمىز. باھاسىنى دە.

- خېرىدارىغا قاراپ... دېدىمغۇ؟ سەن ئالامسەن يا ماۋۇ كاپىرمۇ؟

- ئۇ ئالماقچى...

- نەدىن بۇ ئەبلەخ؟

- ئامېرىكىلىق...

ھىم... ناتونۇشمۇ ئەمەسكەن، ئۆزىمىزگە ئوخشاش ھېسابتا... بۇ ئېشەك بەك قېرى. ئېيت شۇ كاپىرغا، بۇ ئېشەك ئىشقا يارىمايدۇ...

ئامېرىكىلىققا ئېيتتىم.

- ۋاھ، ناھايىتى ياخشى، دېمەك ئەرزان ئالىمىز، - دېدى.

- قېرى بولسا بولسۇن، ئۇ رازى...

- سەت تۇرمامدۇ ئەپەندىم؟ كېيىن كاپىر ئامېرىكىغا بېرىپلا، تۈركلەر مېنى قويىدى، دېسە نېمە سەتچىلىك...

ئامېرىكىلىققا تەرجىمە قىلىپ بەردىم.

- ئاھ... دېدى ئۇ، - تۈركلەر نېمىدىگەن ئاقكۆڭۈل، ساپ ئىنسانلار... باشقا يەرلەردە بولسا مىڭ ئەيىبى بولسا يوشۇرۇپ ھازىرلا سېتىپ بولاتتى. ئۇ شۇنچىلىك ياخشى نىيەتلىك بىرى بولسا، ماقۇل، مەنمۇ جىق تالاشمايمەن.

قېرىغا:

- ئامېرىكىلىق رازى... دېدىم.

- لېكىن، ئەپەندىم، بۇ ئېشەك ئامېرىكىغا بارغۇچە ئۆلىدۇ. ھە راست، يەنە بۇ ئېشەك ئاجايىب قوتۇراپ كەتكەن، ھەممە يېرى قوتۇر...

- ساڭا نېمىدى؟ خەق «مەن رازى» دەۋاتسا؟

- ئاللاھ ئاللاھ... بۇ مادا ئېشەك ئەمەسقۇ ئىشقا يارىغۇدەك... نېمە قىلغۇدەك بۇ ئۆلەرمەن قوتۇر ئېشەكنى؟

- نېمە قىلاتتىڭ سەن؟ سەن باھاسىنى ئېيت، قانچىگە بېرىسەن؟

- تووۋا دەيمەن-دە، - دېدى قېرى. - يەنە بىر سورىغىنە شۇ ئامېرىكىلىق ئەپەندىدىن. ئۇنىڭ مەملىكىتىدە ئېشەك يوقمىكەن؟

- سىلەرنىڭ مەملىكەتتە ئېشەك يوقمۇ، دەپ سوراۋاتىدۇ.

ئامېرىكىلىق بىردەم تۇرۇۋېلىپ:

- بارلىقىغۇ باركەن، لېكىن بۇندىقى يوقمىش، دېگىن... دېدى.

قېرىغا دېدىم.

- ھىم.... دېمەك، تۈرك ئېشىكىگە ئامراق. خوش، مەندە گۇناھ قالمىدى. ئېشەكنىڭ ھەممە ئەيىبىنى ئېيتتىم. ئەجنەبىينىڭ يۈزىنى قىلمىساق بولامدۇ بىر قوتۇر ئېشەك ئۈچۈن... ساتتىم ئەمىسە...

- قانچە؟

- ئون مىڭ دوللار...

- ھە!!! ساراڭمۇ سەن؟ ئەڭ ئېسىل ئەرەپ بەيگە ئېتىمۇ ئىككى ئۈچ مىڭ، تېخى لىرا...

- ئۇنداقتا ئېشەكنى قويۇپ، ئەرەب ئېتى ئالسۇن. دەپ قوي ئۇنىڭغا، ئەڭ ئېسىلىدىن ئالسۇن جۇمۇ...

ئامېرىكىلىققا ئون مىڭ دوللار باھا قويۇۋاتقىنىنى ئېيتتىم.

- دېمىدىممۇ، - دېدى. - سوراپ قويدۇڭمۇ، مۇشۇنداق ئاسمانغا ئېسىۋالىدۇ... دېمەك، سوراۋەرگىنىمىزدىن گۇمانلىنىپ، باھاسىنى ئۆستۈرۈۋالغان گەپ. خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ شۇ ئۈچۈلۈقنى ئالمىز دېمەپتۇق، يۈز مىڭ سوراركەن. ئەگەر ھازىر مەن شۇ باھاغا رازى بولسام، باغلىشىمەن، ئەللىك مىڭغا ئۆسىدۇ... شۇڭا قاتتىق باھا تالاشمىساق بولمايدۇ...

قېرىدىن سورىدىم:

- قاملاشقۇدەك گەپ قىلە، ئۆزۈڭ قانچىگە ئالغاندىڭ ئېشەكنى ؟

- مەن ياڭغانغا ئۆچ، - دېدى. - تاھارەت بىلەن تۇرۇپتىمەن. ئېشەكنى تېرىسىدىن ساندال تىكىمەن، دەپ بەش لىراغا ئالغان. بۇگۈن ئەتە ئۆلىدۇ-دە، تېرىسىنى ئالىمەن... باشقا ئىشقىمۇ يارىمايدۇ...

- ئىنساپ هوي... بەش لىراغا ئالسەن، ئون مىڭ لىرا ساتىسەن ؟

- لىرا ئەمەس، دوللار! مەن ساتاي دېمىدىم، ئۆزۈڭلار خېرىدار بولدۇڭلار. قېرى دېدىم، كاپىر "مەيلى" دېدى. قوتۇر دېدىم، رازى. مادا ئەمەس دېدىم، يانمىدى. ئەتە ئۆگۈن ئۆلىدۇ، دېدىم، ياخشى دېدى... ھە راست، تاس ئۇنۇتاركەنمەن، بۇ ئېشەك توكۇر جۇمۇ، كەينى پۇتى ئاقسايدۇ...

- ئوكەي.

- مانا، كۆردۇڭمۇ ؟ دېمەك مەن بىلمەيۋاتقان بىر قىممىتى، بىر كارامىتى بار بۇ ئېشكىمنىڭ. بولمىسا بۇ كاپىر نېمىشقا قوتۇر، قېرى، چولاق ھاڭگىغا مۇنچىلىك خېرىدارلىق قىلىدۇ ؟ ئون مىڭ... بىر تىيىن چۈشمەيمەن...

ئامېرىكىلىقتا:

ئون مىڭدىن چۈشمەيۋاتىدۇ، ئالامدۇق شۇنىڭغا ؟ دېدىم.

ئىككى سائەت سودىلاشتۇق. ئارىلىقتا ۋاز كەچكەن قىياپەتتە كەتتۇق. قېرى قېشىنى مىدىرلىتىپمۇ قويمىدى. قايتىپ يېنىغا كەلدۇق...

- قايتىشىڭلارنى بىلەتتىم... دەپ كۈلدى.

- قانداق بىلەتتىڭ ؟

بىز چۈشكەن ماشىنى كۆرسەتتى. توغرىدە، كېتىدىغان ئادەم ماشىنىغا قاراپ ماڭماي، بىزدەك چۆلگە قاراپ ماڭامتى ؟

شوپۇرغا ماشىنىنى ھەيدەپ ئالدىمىزدا بىر يەردە ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتتىم. ئېشەكنى يېتىلەپ ئۇ يەرگە ئاپارغاندىن كېيىن، قويۇۋېتىپ كەتمەكچى بولدۇق. ئۇنى قىلىپ، بۇنى قىلىپ، ئاخىرى ئىككى مىڭ بەش يۈزنى ساندۇق. قېرى ئۇچۇلۇقنى قولىغا ئېلىپ، ئېشەكنىڭ چۇلۇۋىنى تۇتقۇزدى قولىمىزغا.

- قېنى، ئاۋايلاپ ئىشلىتىڭلار... لېكىنزە ئەرزان كەتتى بىزنىڭ ئېشەك... خەير، مالنىڭ راھىتىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلسۇن.

ئامېرىكىلىقنىڭ جامەدەك ئېچىلىپ قالغان كۆزلىرى قېرىنىڭ قولىدىكى ئۇچۇلۇققا تىكىلىپ قالغان ئىدى. خوش، ئەمدى قانداق قىلدۇق ؟

- بىلىپ قالمىسۇن، چاندۇرمايلى... - دېدى، - ئېشەكنى ئېلىپ بىر ئاز ماڭايلى، ئاندىن شۇنداقلا قايتىپ: "قارا، بىچارە ئېشەك توڭلاپ قالمىسۇن، شۇ ئۇچۇلۇقنى بەر، ئۇستىگە ياپايلى" دەيلى... ئەسلى مەقسىدىمىزنىڭ شۇ ئۇچۇلۇق ئىكەنلىكىنى زىنهار سېزىپ قالمىسۇن...

ئېشەكنى ئارغامچىسىدىن يېتىلەپ ماڭدۇق. ماڭدۇق، دەپ قالدىم، لېكىن بىر ئاز تەس بولدى... ئامىرىكىلىق ئارقىدىن ئىتتىرىدۇ، مەن ئارغامچىسىدىن تارتىمەن، ئېشەك كەينىگە تارتىدۇ... شۇ ئۈچۈلۈقنى بىر ئالساق، شۇ ئېشەك بالاسىدىن قۇتۇلساق...

شۇ تەرىقىدە يىگىرمە ئوتتۇز قەدەم ماڭدۇق. قېرى چاقىرىپ قالدى:

- توختاڭلار، توختاڭلار، ئېشەكنىڭ بىر نەرسىسى قاپتۇ...

ئاھا! ئۈچۈلۈقنى ئۆزى ئەكىلىپ بېرىدىغان بولدى دەپ شۇنداق خۇش بولدۇقكى... قېرى يۈگۈرۈپ كەلدى.

- ھەي... دېدى، - قوزۇقنى ئۇنۇتتۇڭلار. ئامېرىكىغا ئاپارغاندا بۇ ئېشەكنى قانداق باغلايسىلەركىن ؟ قوزۇقسىزمۇ ئېشەك ئالغان بارمۇ ؟ چەت ئەللىك دېگەنزە...

بىر ئۈچىدا ھالقىسى بار بىر تۆمۈر قوزۇقنى قولىدىن ئالدۇق.

ئامېرىكىلىق ماڭا:

- دەل پەيتى، ھازىر ئۈچۈلۈقنى سورا... چاندۇرۇپ قويما... "ئاۋۇ كونا ئۈچۈلۈقنى بېرىۋەت بىزگە" دېگىن...

سورىدىم:

- قارا، بۇ ئېشەك بەك قېرى، تېخى كېسەلدەك تۇرىدۇ... ھاۋا سوغۇق، توڭلاپ قالمىسۇن ھايۋان، - دېدىم. - سەن بۇنىڭغا بىر ئۈچۈلۈق يېپىپتىكەنسەن، شۇنى بەر-دە، يېپىپ قويايلى...

- ياق، - دېدى، - بەرمەيمەن... سىلەر مەندىن ئېشەك ئالدىڭلار، ئۈچۈلۈقنى ئەمەس...

- توغرا، ئېشەك ئالدۇق... ئۈچۈلۈقنى بەرگىن، ئۈستىگە ياپايلى. كونا، مەينەت بىر ئۈچۈلۈققۇ ؟ پۇلغىمۇ يارىمايدۇ بەرىبىر.

- سىلەر ئېيتقاندەك كونا، مەينەت، پۇلغىمۇ يارىمايدۇ... لېكىن بېرەلمەيمەن.

- نېمىشقا ؟

- بېرەلمەيمەن ئەپەندىم. ئاتا-بوۋامدىن قالغان تەۋەررۈك بۇ، بەرگىلى بولمايدۇ...

ئامېرىكىلىققا «بەرمەيۋاتىدۇ، ئاتا يادىكارىمىش» دېدىم. «نېمىگە يارايدىكەن، سورىغىنا بىر» دېدى.

- نېمىگە يارايتتى بۇ ئەخلەت... دېدىم...

قېرى بىردىن جىددىيلەشتى:

- نېمىگە يارايدۇ ؟ ھازىر قوتۇر ئېشەكتىن بىرنى ئەرزىنىغا ئالمەن-دە، ئۈستىگە ياپىمەن. تەلىيىم بولسا، سىلەردەك بىرىنى تاپىمەن، ساتىمەن. بۇ ئۈچۈلۈقتا بىر ئامەت بار، ئامەت... قوزۇقنى قوشۇپ بەردىم، ئۇنىڭغا پۇل ئالدىممۇ ؟

- جاھىللىق قىلما، بوپتۇ، ئۈستىدىن ئازراق بىر نېمە بېرەيلى، سېتىپ بەرگىن...

- ھە، ئاندىن مەن باشقا ئېشەكلەرنى ساتالماي قالاي، شۇنداقمۇ ؟ بەش يىلنىڭياقى ئۆلەرمەن، قوتۇر ئېشەكلەرنى مۇشۇنىڭ باھانىسىدە سېتىپ كېلىۋاتىمەن... قېنى، ئەپەندىلەر، يول بولسۇن...

ئامېرىكىلىقنىڭ يۈرەك كېسىلى بولمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ، يېنىدىراق ماڭدىم. بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندا، قېرى كەينىمىزدىن توۋلاپ قالدى:

- ئېشەكنى تاشلىۋەتسەڭلار، جاپا تارتىپ يۈرمەي، تاشلاپ كېتىۋېرىڭلار، ماشىناڭلار خېلى يىراقتىغۇ دەيمەن، ھېرىپ قالىسىلەر ئۇ يەرگە بارغۇچە...

ئېشەكنى تاشلاپ، ماشىنىغا قاراپ خېلى ماڭدۇق. ئامېرىكىلىق گىلەمشۇناس:

- باشقا يەرلەردە مانا بۇ يوقتى، بۇنداق ئىشقا ئۇچراپ باقمىغانىدىم، - دېدى. - ھەممە ئىش ئوخشاش، ئەمما بۇ باشقىچە...

ماشىنىغا چىقتۇق. قوزىۇق قولىدا ئىدى. تاشلىۋەتمىگەنىدى.

- تاشلىغىنا شۇ قوزىۇقنى. نېمە قىلاتتىڭ ئۇنى ؟ دېدىم.

- خاتىرە قىلىپ گىلەم مەركىزىمدە ساقلايمەن، - دېدى. - قىممەتلىك بىر قوزىۇق بۇ، ئىككى مىڭ بەش يۈزگە بەك ئەرزان توختىدى...

ئاھ، رەسۋا بولدۇق، شەرمەندە بولدۇق.... تۇفي!...... رەسۋا بولدۇق، دەپ بېشىغا ئۇراتتى توختىماي.

# ئاھ بىز ئېشەكلەر!

## ئەزىز نەسىن

ئاھ، بىز ئېشەكلەر. ئاھ، بىز ئېشەكلەر...

بىز ئېشەك مىللىتى بۇرۇن سىلەر ئىنسانلارغا ئوخشاش سۆزلىيەلەيدىكەنمىز. بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە خاس بىر تىلىمىز باركەن. تىلىمىز مۇزىكىدەك گۈزەل، يېقىملىق، تاتلىق تىلكەن. شۇنچىلىك گۈزەل ناخشىلارنى ئېيتقانىكەنمىزكى... ئەلۋەتتە، بىز ئېشەك بولغىنىمىز ئۈچۈن سىلەر ئىنسانلاردەك ئەمەس، ئېشەكچە سۆزلەيدىكەنمىز. ئېشەكچە يۇمشاق، يەڭگىل، تاتلىق، باي بىر تىلكەن.

بىز ئېشەك مىللىتى بۇرۇن ھازىرقىدەك ھاڭرىمايدىكەنمىز، ھاڭراش كېيىنكى مەزگىللەردە پەيدا بولغانىكەن.

ھازىر، بىلىسىلەر، پۈتۈن ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى، بارلىق ئېھتىياجلىرىمىزنى، مۇھەببەت-نەپرىتىمىزنى بىر-بىرىمىزگە ۋە سىلەر ئىنسان خوجىلىرىمىزغا ھاڭراپ ئىپادىلەۋاتىمىز. ھاڭراش دېگەن نېمە ؟ ھاڭراش دېگىنىمىز «ھاڭ-ھىھاڭ، ھاڭ...، ھى....»، مۇشۇ بىرى ئۇزۇن، بىرى قىسقا ئىككىلا تاۋۇش چىقىرىپ، كەينى-كەينىدىن توۋلاشتۇر... بىزنىڭ ھېلىقى باي تىلىمىزدىن ھازىر قىسقىراپ قىسقىراپ ئاخىرى مۇشۇ ئىككى ھەرپلىك يالغۇز بىرلا سۆز قالدى. بىر بەندە پۈتۈن تۇيغۇلىرىنى بىرلا سۆز بىلەن قانداق ئىپادىلىيەلىشى مۇمكىن!...

قانداق قىلىپ ھېلىقى باي تىل - ئېشەكچە تۈگەشكەن، ئۆلۈك بىر تىلغا ئايلىنىپ، بىز ھاگرايدىغان بولۇپ قالدۇق، بۇنى بىلگۈڭىز يوقمۇ؟ قىزىقسىڭىز سۆزلەپ بېرەي. قىسقىسى، بىزنىڭ تىلىمىز تۈتۈلۈپ قاپتۇ: قورقۇنچلۇق بىر ۋەقەدە كالىلىمىزدىن كېتىپ، تىلىمىز تۈتۈلۈپ، ئېشەكچىنى تامامەن ئۇنتۇپتۇق. شۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن پەقەت ھېلىقى ئىككى تاۋۇش بىلەن پۈتۈن ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولۇپ كېلىۋېتىپتىمىز.

بۇ، بۇندىن ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر ئىش.

شۇ ۋاقىتلاردا بىر قېرى ئېشەك بولغانىكەن. بىر كۈنى، ئۇ قېرى ئېشەك يالغۇز دالىدا ئوتلاشقا چىقىپتۇ. ئوتلاۋېتىپ، ئېشەكچە گۈزەل ناخشىلارنى ئوقۇپتۇ... تۇيۇقسىز بىر ھىد كەپتۇ بۇرنىغا، ئەمما ياخشى بىر ھىد ئەمەسمىش، بۆرىنىڭ ھىدى...

قېرى ئېشەك، بېشىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، چوڭقۇر-چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ھاۋانى پۇراپتۇ. ھاۋادىن، گۇپۇلدەپ بۆرە ھىدى كېلىۋاتقۇدەك.

قېرى ئېشەك:

- ياق، بۆرە ئەمەس بۇ... دەپ قويۇپ ئوتلاۋېرىپتۇ.

بۆرە ھىدى بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. دېمەك، بۆرە يېقىنلاۋاتىدۇ. بۆرە يېقىن دېگەنلىك، ئۆلۈم يېقىن دېگەنلىك...

قېرى ئېشەك:

- بۆرە ئەمەس، بۆرە ئەمەس... دەپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپتۇ.

ئەمما بۆرىنىڭ ھىدى دەھشەت كۈچىيىپتۇ. ئېشەك، بىر تەرەپتىن قورقىۋاچ، بىر تەرەپتىن ئۇ يەرلىك ئەمەستەك ئۆز-ئۆزىگە:

- ئىنشائاللاھ بۆرە ئەمەستۇر. بۆرە بۇيەرگە قانداق كېلەلىسۇن، مېنى قانداق تاپالىسۇن؟... دەپتۇ.

مۇشۇنداق دەپ كۆڭلىنى ياساپ تۇرسا، ئەمدى ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ياخشى ئاۋازلار ئەمەسمىش يەنە، بۆرىنىڭ ئاۋازى...

قېرى ئېشەك ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ تىڭشاپتۇ: ئېنىقلا بۆرىنىڭ ئاۋازى!...

كۆڭلىدە بۆرىنىڭ كېلىشىگە رازى بولمىغاندەك:

- ياق، ياق... بۇ بۆرىنىڭ ئاۋازى ئەمەس، ماڭا شۇنداق ئاڭلىنىپ قالغان گەپ... دەپ ئوتلاۋېرىپتۇ يەنە. ئەمما ئاۋازمۇ يېقىنلاۋەرگۈدەك. ئېشەك يەنە ئۈمىدلىنىپتۇ:

- بۆرە ئەمەس. ياق، بۇ ئاۋاز بۆرىنىڭ ئاۋازى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

ئۇ ۋەھىملىك ئاۋاز پۈتۈنلەي يېقىنلىشىپتۇ. ئېشەك يەنە ئۆز-ئۆزىگە دەپتۇ:

- مۇمكىن ئەمەس... بۆرە بولمىسۇن ئىلاھىم... بۆرىنىڭ باشقا ئىشى يوقمىكەن بۇ يەرگە كېلىپ...

كۆڭلىدە قورقۇپ تۇرغاچقا، كۆزى ھەر تەرەپتىكەن ئېشەك بىچارىنىڭ. ئاخىرى قورققان ئىشى بېشىغا كەپتۇ: ئۇدۇلدىكى تاغنىڭ چوققىسىدا تۇمان ئارىسىدا بىر بۆرە...

- ئاھا، - دەپتۇ ئېشەك، - مەن كۆرگەن بۇ نەرسە بۆرە ئەمەس، باشقا بىر نەرسە.

بېشىنى دەرھاللا ئوت-چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا ئاپتۇ.

- ماڭا شۇنداق كۆرۈندى بەلكىم، خىيال بۇ. توغرا، توغرا، خىيالىم بۇ...

بىر ئاز ئۆتۈپلا، ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپ قورقۇنچى ئېشىپتۇ. ئەمما بۆرىنىڭ كېلىشىنى قەتئىي خالىمىغانلىقتىن، يەنە ئۆزىنى ئالداشقا باشلاپتۇ:

- بۆرە ئەمەس، ئىنشائاللاھ ئەمەس. بۆرىگە باشقا يەر يوقتەك بۇ يەرگە كېلىپ يۈرەمتى؟ كۆزۈم بۇ يېقىندىن ياخشى كۆرمەيۋاتىدۇچۇ شۇڭا...دەرەخلەرنىڭ سايىسىنى بۆرە دەپ قېلىۋاتىمەن...

بۆرە يېقىنلاپ قاپتۇ. ئارىسىدا ئېشەك قەدىمىدە ئۈچ-تۆت يۈز قەدەملا قاپتۇ.

قېرى ئېشەك:

- ۋاي خۇدايىم! بۇ كېلىۋاتقان راستلا بۆرىمىدۇ يا؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، بۆرە بولماسلىقى كېرەك. ئاھ... ياق، ياق، بۆرە ئەمەس... دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

بۆرە بىلەن ئارىلىقى 50 قەدەم قاپتۇ. ئېشەك يەنە كۆڭلىنى ياساپتۇ:

- ئۇدۇلۇمدا كۆرۈنگەن ئاۋۇ ھايۋان، خۇدايىم بۇيرۇسا بۆرە ئەمەس. توغرىدە، نېمىشقا بۆرە بولسۇن؟... بەلكى تۆگىدۇ، ياكى پىلدۇ، ياكى باشقا بىر نەرسىدۇ... بەلكىم ھېچنېمە ئەمەستۇ. مەنمۇزە، ھەممە نەرسە بۆرە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ كۆزۈمگە.

بۆرە جان-جەھلى بىلەن ئېتىلىپ-ئېتىلىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئارىلىق بىر نەچچە قەدەملا قالغاندا، قېرى ئېشەك:

- بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، بۇ كېلىۋاتقان بۆرە ئەمەس، شۇنداق، بۆرە ئەمەس، ئەمما مەن بۇ يەردىن ئازراق يىراقلاشسام زىيىنى يوق... دەپتۇ. مېڭىشقا باشلاپتۇ. بېشىنى بۇراپ قارىسا، بۆرە شۆلگىينى ئېقىتىپ، توپتوغرا ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئېشەك بىچارە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

- ئۇلۇغ تەڭرىم، بۇ كېلىۋاتقان نەرسە بۆرە بولغان تەقدىردىمۇ بۆرە بولمىسۇن... بۆرە ئەمەس بۇ، قەتئىي بۆرە ئەمەس، مەن بىكارلا قورقۇۋاتىمەن...

شۇنداق دېگەچ قەدەملىرىنى تېزلىتىپتۇ، كەينىدىنلا كېلىۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپ ئاخىرى يۈگۈرۈپتۇ. بۆرىمۇ تاپ بېسىپلا كېلىۋاتقۇدەك. قېرى ئېشەك:

- ھەي، مەن نېمانداق ئەخمەق، -دەپتۇ. - ياۋا مۇشۇكنى بۆرە دەپ قېچىۋاتىمەنا... ياق، بۆرە ئەمەس، ياۋا مۇشۇك...

ئېشەك بىچارە بار كۈچى بىلەن قېچىشقا باشلاپتۇ. قېچىۋېتىپ، كۆڭلىدە شۇنداق دەپتۇ:

- بۆرە بولسىمۇ بۆرە ئەمەس... خۇدايىم بۇيرىسا ئەمەس. ياق، نېمىشقا بۆرە بولسۇن...

ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بۆرىنىڭ ياۋۇزلارچە چاقناپ تۇرغان قىپقىزىل كۆزلىرىنى كۆرۈپ سەككىز پۇتلاپ قېچىشقا باشلىغان ئېشەك يەنە:

- ئەللا بىللا بۆرە ئەمەس، ئەزبىرايى بۆرە ئەمەس، خۇدا ھەققى... دېگۈدەك.

قېچىپتۇ، قېچىپتۇ... قۇيرۇقنىڭ ئاستىدا بۆرىنىڭ ئىتتىك-ئىتتىك نەپەسنى ھېس قىلغان قېرى ئېشەك ئۆز-ئۆزىگە:

باغلىشىمەنكى مەن قۇيرۇقۇمنىڭ ئاستىدا نەپەسنى تۇيغان بۇ ھايۋاننىڭ بۆرە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس... دەپتۇ.

بۆرىنىڭ ھۆل تۇمشۇقى ساغرىسىغا تەگكەندە، قېرى ئېشەك ھوشىنى يوقاتقۇدەك بولۇپتۇ. كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ: بۆرە ئۆزىگە تاشلانغان... بىر قەدەم ئالغۇدەك كۈچى قالمىغان ئېشەك، بۆرىنىڭ دەھشەتلىك كۆزلىرىدىن مىدىرلىيالماس بوپتۇ. بۆرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ:

- بۆرە ئەمەس، كارىڭ بولمىسۇن... ئىنشائاللاھ ئەمەس. قانداقىسىگە بۆرە بولسۇن ؟... دەپ كېكەشلەپتۇ.

بۆرە ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا چاڭگال ساپتۇ. يىقىلىپ چۈشكەن ئېشەك:

- بىلىمەن، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سەن بۆرە ئەمەسسەن. مېنىڭ بىلەن ئويناشما. چاقچاق بىلەن خوشۇم يوق مېنىڭ... دەپتۇ.

ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرە ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن بىر دەمدىلا يوغان بىر پارچە گۆش يۇلۇۋاپتۇ ئېشەكنىڭ يوتىسىدىن. جان ئاچچىقىدا ئېشەكنىڭ تىلى تۇتۇلۇپتۇ. شۇنچىلىك قورقۇپتۇكى، بىلىدىغان ئېشەكچىسىنى ئۇنتۇپتۇ. بۆرە ئۆزىنىڭ بويىنىغا، قورسىقىغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. پۈتۈن بەدىنىدىن قانلار دەريادەك ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئېشەك شۇ دەقىقىدىلا:

- ھاڭ...... بۆرىكەن.... ھاڭ......ئۆكەن!.... دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

بۆرە ئۇنى پارچە-پارچە قىلىۋاتقاندا، تىلى تۇتۇلغان ئېشەك پەقەت:

- ھاڭ.... ئۇ..... ھاڭ..... ھۇ.... دەپ ۋارقىراشقا، ياق، ھاڭراشقا باشلاپتۇ.

بۆرىنىڭ چىشلىرىدا پارچىلىنىۋاتقان ئېشەكنىڭ تاغۇ-تاشلارنى تىترەتكۈدەك نالە-زارىنى پۈتۈن ئېشەك مىللىتى ئاڭلاپتۇ:

- ھاڭ.... ھىھاڭ.... ھاڭ...

شۇ كۈندىن باشلاپ بىز ئېشەك مىللىتى گەپ قىلىشنى، سۆزلەشنى ئۇنتۇپ، ھەربىر ھېس-تۇيغۇ، ئوي-پىكرىمىزنى ھاڭراپ ئىپادىلەشكە باشلاپتۇق. ئۇ قېرى ئېشەك، ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ، كۆڭلىنى ياساپ يۈرمىگەن بولسىدى، بىزمۇ سۆزلەشنى ئۇنتۇپ كەتمىگەن بولاتتۇق...

ئاھ، بىز ئېشەكلەر، ئاھ، بىز ئېشەك مىللىتى، ئاھ، ھاڭ.... ھاڭ.....

# ئۆز ھېكايەم

## ئەزىز نەسىن

ئاناتولىيىنىڭ چەت بىر يېزىسىدا تۇغۇلغان دادام ئون ئۈچ يېشىدىلا يوقسۇللۇق دەردىدە يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىستانبۇلغا كېلىپ يەرلىشىپ قالغانىكەن.

ئاپام ئاناتولىيىنىڭ باشقا بىر يېزىسىدىن بولۇپ، ئۇمۇ كىچىك چېغىدىلا ئىستانبۇلغا كەلگەنىكەن، چۈنكى، مېنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىشىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى جاپا .مۇشەققەتتە بېسىپ ئىستانبۇلغا كېلىشلىرى ۋە بىر .بىرى بىلەن توي قىلىشلىرى پېشانىلىرىگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك، دۇنياغا تۆرىلىشىم ئىرادەمگە باغلىق بولمىغىنى ئۈچۈن، تولىمۇ نامۇۋاپىق بىر پەيتتە تۇغۇلۇپ قالغانىكەنمەن. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئەڭ قانلىق، ئەڭ دەھشەتلىك بولغان 1915-يىلى... نامۇۋاپىق بىر چاغدا ئەمەس، يەنە كېلىپ نامۇۋاپىق بىر يەردە تۇغۇلۇپتىمەن. تۈركىيىنىڭ ئەڭ كاتتا بايلىرى ئولتۇراقلاشقان ئىستانبۇل ئاراللىرىدىن بىرى بولغان ھەيبەتلى ئارىلىدا... ھەيبەتلى ئارىلى بايلارنىڭ يازلىق داچىسى ئىدى. لېكىن بايلار كەمبەغەللەرسىز كۈن كەچۈرەلمەيتتى.

كەمبەغەللەرگە تولىمۇ مۇھتاج ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بىزمۇ ھەيبەتلى ئارىلدا ياشايتتۇق. بۇ گەپلىرىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ تەلەيسىز ئىكەنلىكىمنى ئېيتماقچى ئەمەسمەن. ئەكسىچە باي، نوپۇزلۇق ۋە مەشھۇر بىر ئائىلىدىن كېلىپ چىقمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك ھېسابلايتتىم.

ئەسلىدە ئاتا .ئانام ئىسمىمنى «نۇسرەت» قويۇپتىكەن. بۇ سۆز ئەرەبچە «ئاللانىڭ ياردىمى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ دەل بىزدەك كەمبەغەللەرگە خاس ئىسىم ئىدى. چۈنكى، بىزنىڭ بەندىدىن كۈتىدىغان ھېچقانداق ئۈمىدلىرىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلەم بارلىق ئۈمىد .ئارزۇلىرىنى ئاللاغا بېشىغلاپتىكەن. قەدىمكى سپارتالىقلار زەئىپ ۋە ئورۇق تۇغۇلغان باللىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ساغلام ۋە چىداملىق باللىرىنى پەرۋىش قىلىپ قانداق ئۆستۈرگەن بولسا، بىزدىمۇ بۇ خىل بالا تاللاش ئىشىنى تەبىئەت ۋە جەمىيەت داۋاملاشتۇرماقتا، تۆت ئاكامنىڭ يوقسۇزچىلىق ئازابىغا چىداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېسەم، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن چىداملىق بولغانلىقىم ۋە ياشاش ئۈچۈن بەرداشلىق بەرگەنلىكىمنى ئوڭايلا چۈشىنىشىڭلار مۇمكىن. بىراق، ئاپام يىگىرمە ئالتە يېشىدىلا بۇ ئېغىر كۈنلەرگە چىدىيالماي، بۇ گۈزەل ھەم ياشاشقا تېگىشلىك دۇنيانى چىداملىق ئىنسانلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغانىدى.

كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە سودىگەرلەرنىڭ، سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەردە يازغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولىدۇ. ئىشىنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان ئادەم سوتسىيالىستىك مەملىكەتتە يازغۇچى، كاپىتالىستىك ئەللەردە بولسا سودىگەر بولۇشى كېرەك، مېنىڭ قانچىلىك تەتۈر ئىكەنلىكىم كىچىكىمدىنلا مەلۇم بولغان. چۈنكى، مەن ئون يېشىمدىلا تۈركىيىدەك كاپىتالىستىك دۆلەتتە، يەنە كېلىپ بىرەرمۇ ساۋاتلىق ئادەم بولمىغان بىر ئائىلىدە «يازغۇچى بولىمەن» دەپ تۇرۇۋالغانىكەنمەن.

دادام ئۆز پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلايدىغان كۆيۈمچان دادىلارغا ئوخشاش: «يازغۇچى، يازغۇچى دېگىنىڭنى قويۇپ، جېنىڭنى باقالىغۇدەك بىر كەسىپنى تاللا» دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گەپلىرى زادى قۇلىقىمغا كىرمىگەنىدى. مېنىڭ تەتۈرلۈكۈم بۇنىڭ بىلەنلا قالسىغۇ مەيلى ئىدى. لېكىن، يازغۇچى بولۇش مەقسىتىدە قولۇمغا قەلەم ئېلىش ئارزۇيۇم بولسىمۇ، قورال ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى ئۇ چاغلاردا كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى پۇلسىز ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردىن پەقەت ھەربىي مەكتەپلا بار ئىدى، شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ ئىلاجسىز ياتاقتا يېتىپ پۇلسىز ئوقۇيدىغان بىر ھەربىي مەكتەپكە كىردىم.

تۈركىيەدە 1934- يىلى فامىلە قوللىنىش قانۇنى ئېلان قىلىندى، ھەر قانداق بىر تۈرك ئۈچۈن چوقۇم بىر فامىلە ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالدى، ھەممە ئادەمدە ئۆزى خالىغانچە فامىلە تاللاش ھوقۇقى بار ئىدى. بۇ چاغدا ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇنۇپ ياتقان جىمى پەسكەشلىكلەر ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقتى، دۇنيادىكى ئۈچىغا چىققان بىخىل، پىخسىق كىشىلەر ئۆزلىرىگە «قولى ئوچۇق»، ئەڭ قورقۇنچاق توخۇ يۈرەكلەر «جەسۇر»، يالاقچىلىقتا چېكىگە يەتكەن ھورۇنلار بوسلا «ئىنتىل» دېگەنگە ئوخشاش فامىلىلەرنى تاللاشتى، ھەتتا بىر پارچە خەتنىمۇ ئوڭلاپ يازالمايدىغان، ئىمزاسىنى ئارانلا قويالىغۇدەك ساۋاتى بار بىر ئوقۇتقۇچىمىز ئۆزىگە «تىرشچان» فامىلىسىنى قوللاندى. ئۇ چاغلار ئىرقچىلىق كۆز قاراشلىرى كەڭ تارىلىۋاتقان زامان بولغاچقا، ساپ تۈرك بولمىغان ئارغۇنلار ئىرقچىلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان فامىلىلەرنى تالىشىپ تۇرۇپ قوللىنىشقا باشلىدى، مەن ھەرخىل بۇلاڭ .تالاڭلاردا دائىم ئارقىدا قالىدىغانلىقىم ئۈچۈن چىرايلىق فامىلىلەرنى تاللاشتىمۇ يەنە ئارقىدا قالدىم، ئەمدى، ماڭا مۇناسىپ، مەن مەغرۇرلىنىپ ئىشلەتكۈدەك فامىلە قالمىغانلىقتىن، ئۆزۈمگە «نەسىن» (سەن كىم؟ سەن نېمە؟ دېگەن مەنىدە)فامىلىسىنى تاللىدىم، ھەر بىر كىشى «نەسىن» دەپ چاقىرغان ۋاقتىدا، ئۆزۈمنىڭ زادى كىم ۋە نېمە ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ ئەقىل تاپاي دەپ ئويلىدىم.

1937- يىلى ئوفىتسىر بولدۇم. خۇددى ناپولېئونلارنىڭ بىرى ئىدىم. ھەر قانداق بىر يېڭى ئوفىتسىر ئۆزىنى ناپولېئون ھېسابلايدۇ. بەزى كىشىلەردە ئۆزىنى ناپولېئون دەپ چاغلاپ يۈرىدىغان بۇنداق كېسەل بولۇپ، بۇ خىل كېسەلنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق: بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار پەقەت ناپولېئوننىڭ غەلىبىلىرىنىلا ئويلايدۇ، مەغلۇبىيەتلىرىنى بولسا زادىلا خىيال قىلمايدۇ. ئوڭ قولىنى چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرى ئۈستىدە ئوينىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. دۇنيا خەرىتىسىنى ئالدىغا قويۇپ قىزىل قەلەم بىلەن خەرىتىگە ھەر خىل شەكىلدىكى ئوقلارنى سىزىدۇ ۋە بىر پەستىلا پۈتۈن دۇنيانى ئىشغال قىلىپ ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، دۇنيانىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك كىچىك بولۇپ قالغانلىقىغا خاپا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ھەتتا جۆيلۈشكە باشلايدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ئاربلاشما ھالەتلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇلار كېيىنچە بىرىپ ئۆزلىرىنى ئاتىللا، چىڭگىزخان، تۆمۈرلەڭ ھەتتا گىتلېر ياكى شۇلاردەك بىرىگە ئوخشىتىشقا باشلايدۇ. يىگىرمە ئىككى، يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن، ياش ئوفىتسىر چېغىمدىلا قىزىل قەلەم بىلەن خەرىتىلەرگە بەلگىلەرنى قويۇپ، پۈتۈن دۇنيانى كۆزدە نەچچە قېتىم بېسىۋالاتتىم، مېنىڭ بۇ ناپولېئونلۇق كېسىلىم پەقەت بىر .ئىككى يىللا داۋام قىلدى. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ۋاقىتلىرىمدىمۇ فاشىستلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىدىم. بالىلىق چاغلىرىمدىنلا سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىشقا

ھەۋەس قىلاتتىم. ھەربىي مەكتەپتە پىيادە ئەسكەرلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر، توپچى، تانكچى ۋە باشقا سىنىپلار بولۇپ، ھەربىي يازغۇچىلار سىنىپى يوق ئىدى، شۇڭلاشقا ھەربىي سەپتىن ئايرىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلىدىم.

1944 .يىلى ھەربىي سەپتىنمۇ ئايرىلدىم. شائىر ياكى يازغۇچى بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالغان بەزى كىشىلەر گېنېرال بولغاندىن كېيىنمۇ شېئىر ياكى رومان يېزىش بىلەن ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، ئۇلارغا ئەللىك ياشلىق بىر شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئارمىيە قوماندانى بولۇشىنى خالىشى شۇنچىلىك غەلىتە ۋە كۈلكىلىك تۇيۇلۇشى مۇمكىن...

ھېكايە يېزىشنى ئەسكەر ۋاقتىمدىلا باشلىغانىدىم، ئۇ چاغلاردا گېزىتلەردە ماقالە، ھېكايىلىرى بېسىلغان ئەسكەرلەرگە باشلىقلار ياخشى كۆز بىلەن قارىمايتتى، شۇڭا ئەسەرلىرىمنى ئۆز ئىسمىم بىلەن ئەمەس، بەلكى دادامنىڭ ئىسمى بىلەن «ئەزىز نەسىن» دەپ يازاتتىم. بۇ دەسلەپكى يالغان ئىسمىم ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقىي ئىسمىمنى يوققا چىقىرىۋەتتى، نۇسرەت نەسىن دېگەن ئىسىم ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا مېنى ياش يازغۇچى دېيىشەتتى، دادام بولسا ساقاللىرى ئۇچىدەك ئاقىرىپ كەتكەن بىر بوۋاي ئىدى.

دادامنىڭ بىر ئىداردا ھەل قىلدىغان ئىشى چىقىپ قېلىپ ئۇ يەردە ئۆزىنى ئەزىز نەسىن دەپ تونۇشتۇرسا، ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن قېرى ئادەمنىڭ ئەزىز نەسىن ئىكەنلىكىگە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى، ھەتتا بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىقلار كېلىپ چىقاتتى، دادام تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئىدارە ئورۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئەزىز نەسىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىدى.

ئاردىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن كىتابلىرىم چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى، ئەزىز نەسىن دېگەن ئىسىم بىلەن بانكىلارغا كەلگەن قەلەم ھەققىنى ئېلىشتا بەكمۇ قىينالدىم، چۈنكى نوپۇس دەپتىرىدە ئىسمىم نۇسرەت نەسىن دەپ يېزىلغان بولغاچقا، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئەزىز نەسىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا كۆپ قىينالدىم.

كۆپلىگەن يازغۇچىلارغا ئوخشاش مەنمۇ ئىشنى شېئىر يېزىشتىن باشلىدىم، نازىم ھېكمەت ئاچلىق ئېلان قىلىۋاتقان كۈنلىرىدە مېنىڭ شېئىر يېزىشتىن ۋاز كېچىشمنى، شېئىرلىرىمنىڭ ياخشى چىقمىغانلىقىنى، پەقەت ھېكايە، رومان يېزىشمنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، نازىم مېنى كۆرەلمەيۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. شېئىر يېزىشتىن نېمە ئۈچۈن ۋاز كەچكەنلىكمنى سورىغۇچىلارغا، تۈركىيدە شېئىر يېزىش بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدىكەن، شۇڭا شائىرلىقتىن قول ئۈزدۈم دەپ جاۋاپ بەردىم، لېكىن راستىنى ئېيتسام، شېئىرغا بولغان ھۆرمىتىم تۈپەيلىدىن شېئىر يېزىشنى تاشلىدىم، زامانىمىزدا ئۆزىنى مەن شائىر دەپ يۈرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى شېئىرغا ھۆرمەت قىلمىغانلىقلىرى ئۈچۈن شېئىر يېزىپ يۈرگەندەك بىلىنەتتى، شېئىرنىڭ ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ سەنئەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، چۈنكى بىر مۇنچە كىشىلەر شائىر بولالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن داڭلىق ۋە ئۇلۇغ يازغۇچى بولۇپ قېلىشقانىدى، بۇ گەپلەرنى كۆزۈمگە سىغمىغانلارغا قارىتىپ دەۋاتقىنىم يوق، چۈنكى مەن نېمە ئۈچۈن ناچار شېئىرلارنىڭ يېزىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، شېئىر يېزىشتا زور ئۇتتۇقلارنى قازاندىم، يازغان شېئىرلىرىمنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ زور ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ سەۋەبى، شېئىرلىرىمنىڭ ياخشى يېزىلغانلىقىدىن ئەمەس. بەلكى شېئىرلىرىمنىڭ

ئاستىدا بىر ئايالنىڭ ئىمزاسى بولغانلىقىدىن ئىدى. بىر ئايالنىڭ تەخەللۇسى بىلەن شېئىرلىرىم نەشىر قىلىناتتى، بۇ ئايالنىڭ نامىغا بىر قۇچاق .بىر قۇچاق مۇھەببەت خەتلىرى كېلىپ تۇراتتى.

باللىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا كىشىلەرنى يىغلىتىدىغان ئەسەرلەرنى يازسام دەپ ئويلايتتىم. مۇشۇ ئارزۇ بىلەن يازغان بىر ھېكايەمنى بىر ژۇرنالغا ئېلىپ باردىم. ھېكايەمنى ئوقۇغان باش تەھرىر تازىمۇ دۆت بىر نېمە بولسا كېرەك، ھېكايەمنى ئوقۇۋېتىپ ھۆڭرەپ يىغلاشنىڭ ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ كۈلكىدىن ياشاڭغىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ: «ئاپىرىن! ناھايىتى ياخشى يېزىپسەن! مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلەرنى يازساڭ دەرھال بىزگە ئېلىپ كەل.» دېدى.

يازغۇچىلىقتىكى بۇ تۇنجى زەربەم ھازىرمۇ داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تازا بىر يىغلاپ كەتسۇن دەپ يازغان ھېكايىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى كىتاپخانىلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتىدۇ.

ھەجۋىي ھېكايە يازغۇچىسى بولۇپ تونۇلغىنىمدىن كېيىنمۇ كۈلكىلىك ھەجۋىينىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، ھازىرمۇ بىلمەن دېيەلمەيمەن. ئەمما بىلگىنىمچە سۆزلەپ بېرەلەيمەن، مەن كۈلكىلىك ھېكايىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ھەجۋىينى ئاستا .ئاستا كۆرگەنىدىم. باشقىلار مەندىن ھەجۋنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى سورىشىدۇ، يەنى رېتسىپ ياكى دورا ئىزدىشىدۇ. بۇ خىل رېتسىپنى يېزىپ بېرىشىم مۇمكىن. بۇ تېمىدا ئۆگەنگەنلىرىمنى قىسقىچە دەپ باقاي: ھەجۋىي ئىنتايىن جىددىي بىر ئىش. 1945 .يىلى، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئەكسىيەتچىلەرنى قۇترىتىپ، مەن ئىشلەۋاتقان «تاڭ» گېزىتخانىسىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ئاخىر مەن ئىشسىز قالدىم، ھېچقانداق گېزىتخانىدىن ئىش تاپالمىدىم، مېنىڭ ئىسمىم بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنى مەتبۇئات ئورۇنلىرى قوبۇل قىلمايتتى، شۇ چاغلاردا مەن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق يالغان ئىسىم بىلەن گېزىت . ژۇرناللاردا ھەرخىل باش ماقالە، تەنقىدىي ماقالە، قىسقا خەۋەرلەر، جاسۇسلۇققا دائىر ھېكايىلەر، ساقچىلارغا ئائىت رومانلار ۋە باشقا تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنى يازدىم ... يالغان ئىسمىمنى گېزىتخانا باشلىقلىرى بىلىپ قالسىلا دەرھال يېڭىدىن بىر ئىسىم ئويدۇرۇپ چىقىراتتىم. بۇ يالغان ئىسىملار سەۋەبىدىن تولىمۇ غەلىتە ئىش يۈز بەردى. مەسىلەن: قىزىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئىسىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «ئويا ئاتەش» دېگەن ئىسىم بىلەن باللار مونولوگى يازدىم. بۇنى مېنىڭ يازغانلىقىمنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مونولوگ سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىلدى، مەكتەپلەردە ئوينالدى، كېيىنچە نەشىر قىلىنغان ئايال يازغۇچىلارنىڭ بىئوگرافىيىسىگە «ئويا ئاتەش» بىر ئايال يازغۇچى قىلىپ يېزىلدى.

يەنە بىر فرانسۇزچە ئىسىم بىلەن يازغان ۋە بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھېكەيەم «دۇناي ھەجۋىي ئەسەرلەر ئانتولوگىيىسى» گە فرانسۇز ھەجۋىي يازغۇچىسى قىلىپ كىرگۈزۈلدى. خەنزۇچە ئاجايىپ بىر ئىسىم بىلەن يازغان بىر ھېكايەممۇ باشقا بىر ژورنالدا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر دەپ ئېلان قىلىندى.

يازغۇچىلىق قىلالمىغان كۈنلىرىمدە تىركىچىلىك قىلىش ئۈچۈن باققاللىق، سېتىقچىلىق، كاسسىرلىق قىلدىم، گېزىت-ژورنال ۋە كىتاپ ساتتىم، كىشىلەرنى رەسىمگە تارتتىم، مەن قىلمىغان ئىش قالمىدى. لېكىن ھېچقايسىسىنى ئەپلەشتۈرەلمىدىم... مەن يازغان ئەسەرلىرىم تۈپەيلىدىن بەش يېرىم يىل تۈرمىدە ياتتىم، بۇ بەش يېرىم يىللىق قاماق جازاسىنىڭ ئالتە ئېيى مىسىر پادىشاھى

فەرۇخ بىلەن ئىران پادىشاھى رىزانىڭ سەۋەبىدىن بولدى. بىر ماقالەمگە فەررۇخ بىلەن رىزانى ھاقارەتلىدى دېگەن ئەيىبنى ئارتىپ ئەنقەرەدىكى ئەلچىخانا ۋاستىسى بىلەن مېنى سوتقا بېرىشتى، سوت ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

بىرىنچى خوتونۇمدىن ئىككى، ئىككىنچى خوتۇنۇمدىنمۇ ئىككى، جەمى تۆت بالام بار، 1945 .يىلى تۇنجى قېتىم قولغا ئېلىنغاندا ساقچىلارنىڭ ئون ئالتە كۈنگىچە داۋاملىق سورىغان سوئاللىرى تۆۋەندىكىچە بولدى: «سىنىڭ ئىمزايىڭ بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەقىقىي يازغۇچىسى كىم؟» بۇ ئەسەرلەرنى ئۆزۈمنىڭ يازغانلىقىمغا زادىلا ئىشەنمەيتتى.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش يۈز بەردى. بۇ قېتىم ساقچىلار باشقا ئىسملاردا يېزىلغان ئەسەرلەرنى سەن يازغان دەپ قاتتىق تۇرۇۋېلىشتى. مەن بەزىدە يېزىپ، بەزىدە يازماي يۈرگەنلىكىمنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتىم. شۇنداق تالاش .تارتىش قىلىشۋاتقان مەزگىلدە بىر گۇۋاھچى ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقا بىر ئىمزا بىلەن يېزىلغان ماقالىنى مېنىڭ يازغانلىقىمنى ئېيتتى.

بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم يازمىغان بىر ماقالە ئۈچۈن ئون ئالتە ئاي قاماقتا ياتتىم.

بىرىنچى خوتۇنۇم بىلەن ئوركېستىر «كامپاتىستا» تانگونى چېلىۋاتقاندا ئوفىتسىر دوستلارنىڭ قىلمىچلىرى ئاستىدىن ئۆتۈپ ۋەدىلەشكەن ئىدۇق. ئىككىنچى خوتۇنۇم بىلەن تۈرمىنىڭ تۆمۈر رىشاتكىلىرى ئارىسىدىن بىر .بىرىمىزگە نىشان ئۆزۈكلىرىنى تاقاشقانىدۇق. بۇ ئەھۋال تەبىئىيكى ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە ئورۇق ئىدىم. تۈرمىلەردە تولا يېتىپ سەمرىپ كەتتىم.

1956 .يىلى ئىتالىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا ھەجۋىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ «ئالتۇن پالما» مېدالى ئالدىم. شۇ كۈنگىچە ئۆز ئىسمىم بىلەن يېزىلغان ئەسەرلىرىمنى باسمىغان گېزىت .ژۇرناللار كەينى .كەينىدىن ئەسەرلىرىمنى ئۆز ئىسمىم بىلەن بېسىشقا باشلىدى. ئەمما بۇمۇ ئۇزۇن داۋام قىلمىدى، ئىسمىم گېزىتلەردىن ئۈچۈرىۋېتىلگەندىن كېيىن، 1957 .يىلى يەنە بىر قېتىم «ئالتۇن پالما» نى ئېلىشقا تىرىشتى ۋە ئاخىر ئالدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىم گېزىت .ژورناللاردا يەنە كۆرۈلۈشكە باشلىدى، 1966 .يىلى بۇلغارىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا ھەجۋىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدا بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ «ئالتۇن كىرپە» مېدالى بىلەن مۇكاپاتلاندىم. 1960 .يىلى 5 .ئاينىڭ 27 .كۈنى تۈركىيىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى. خوشاللىقىمدىن «ئالتۇن پالما» مېدالىمدىن بىرنى دۆلەت خەزىنىسىگە تەقدىم قىلدىم. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن تۈرمىگە ئېلىندىم. يەنە بىر «ئالتۇن پالما» مېدالىم بىلەن «ئالتۇن كىرپە» مېدالىمنى كېيىنكى خۇشاللىق كۈنلىرىمدە لازىم بولار دەپ ساقلاپ قويدۇم.

ھازىرغىچە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ھېكايە يازغىنىمغا ھەممىسى ھەيران قالدۇ، لېكىن، مېنىڭچە بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق. ئائىلەمدە مەن بېقىشقا تېگىشلىك ئون ئىككى ئادەم ئەمەس، يىگىرمە ئادەم بولغان بولسىدى، ئۇ چاغدا تۆت مىڭدىن ئارتۇق ھېكايە يېزىشقا مەجبۇر بولاتتىم.

ئەللىك ئۈچ ياشقا كىردىم ، ئەللىك ئۈچ كىتابىم نەشر قىلىندى، لېكىن قىرىق مىڭ لىرا قەرزىم، تۆت بالام، بىر نەۋرەم بار. ئۆزۈم يالغۇز ياشايمەن، ھېكايىلىرىم يىگىرمە ئۈچ تىلغا، كىتابلىرىم ئون يەتتە تىلغا تەرجىمە قىلىندى. سەھنە ئەسەرلىرىم يەتتە مەملىكەتنىڭ سەھنىسىدە ئوينالدى. مەن

پەقەت ئىككىلا نەرسەمنى يوشۇرۇن تۇتىمەن، بىرى، ھارغىنلىقىم، يەنە بىرى، يېشىم... بۇ ئىككىسىدىن باشقا ھەممە نەرسەم ئوچۇق .ئاشكارا...

كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۆز يېشىمدىن كىچىك كۆرۈنىدىغان ئوخشايمەن، بەلكىم ئىشلەش بىلەن بولۇپ كېتىپ ياشاشقا ۋاقىت ئاجرىتالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. بۇ دۇنياغا يەنە بىر قېتىم تۇغۇلغان بولسام ئىدىم، يەنىلا شۇ ئىشلارنى قىلغان بولاتتىم، دەيدىغانلاردىن ئەمەسمەن. ئىككىنچى قېتىم دۇنياغا تۆرەلسەم، بىرىنچى قېتىمدا قىلغان ئىشلىرىمنىڭ تېخىمۇ كۆپرەكىنى، ئىنتايىن ئېسىلىنى، ئەڭ .ئەڭ ياخشىسىنى قىلىشنى خالايتتىم. پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆلمەي قالغان يالغۇز بىر كىشى بولغان بولسىدى، ئۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ ئۆلمىگەن بولاتتىم. قانداق قىلاي، بۇنىڭغا ئۆرنەك بولغىدەك بىرەر ئادەم يوق، مەنمۇ ھەممىگە ئوخشاش بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمەن...

ئىنسانلارنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى، بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرۈشۈم تۈپەيلىدىن بەزىدە شۇ ئىنسانلىرىمغا خاپا بولىدىغان ۋاقىتلىرىممۇ بار. مانا بۇ مېنىڭ تېخى تاماملانمىغان ھېكايەم، قىسقىسى، كىتابخانلارنىڭ ئۇزۇن يېزىلغان ئەسەرلەردىن ئاسان زېرىكىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھېكايەمنى بەك ئۇزۇنغا سوزماسلىقىم مۇمكىن. ھەممىدىن بەكرەك قىزىقىدىغان نەرسەم، داۋامىنىڭ قانداق يېزىلىشىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان بۇ ھېكەيەمنىڭ خاتىمىسى.

# بەرداشلىق بېرىڭلار يۇرتداشلار

## ئەزىز نەسىن

بۇرۇن بۇ چوڭ دۇنيانىڭ بىر يېرىدە، تۆت ئەتراپى تاغ، ئوتتۇرىسى باغ، سۇلۇق، ھاۋالىق بىر دۆلەت بولغان ئىكەن.

دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىكىگە ئوخشاشلا بۇ دۆلەتتىمۇ ئىنسانلاردىن باشقا جانلىقلار باركەن: يىلانلار، چايانلار، زەھەرلىك ئۆمۈچۈكلەر ... ئەمما بۇلار باشقا يەرلەردىكىدىن ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس بولغاچقا بەك كۆزگە كۆرۈنۈپمۇ كەتمەيدىكەن.

بۇ دۆلەتنى "بەگ" دېيىلىدىغانلار باشقۇرىدىكەن. بەگلەر سايلام بىلەن سايلىنىدىكەن. بېلەت سانى كۆپ بولغان بىرى بەگ بولىدىكەن.

زامانلار ئۆتۈپ، بۇ دۆلەتتە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان بىر ئۆزگىرىش بوپتۇ: ئۆمۈچۈكلەر، چايانلار، يىلانلار، زەھەرلىك قۇرتلار... كۈنسېرى چوڭىيىشقا، يەنە تېخى ئىشەنگۈسىز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. يىلانلار تېرەك بويى ئۇزۇراپتۇ، تېرەكتەك توملاپتۇ. ئۆمۈچۈكلەر ئۆيدەك بولۇپ كېتىشىپتۇ. پاتمىچۇقلارنىڭ يېڭى تۇغۇلغان باللىرى تىمساھتىنمۇ يوغانىمىش. سەكسەنپۇتلار پويىزدەك، شەپەرەڭلەرنىڭ قاناتلىرى بولسا چېدىردەك...

خەۋپنى ئالدىن سەزگەنلەر بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىشىپتۇ. ئەمما بۇ زىيانداشلارنىڭ نېمىشقا بۇنچە يوغىناپ، ئايىنىپ كېتىۋاتقانلىقلىرىغا ھېچ ئەقلى يەتمەپتۇ.

ئىش شۇنىڭ بىلەنلا تۈگمەپتۇ. بۇ زىيانداشلار تېخى ئىنسانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. قىزىق يېرى، ئىنسانلار بۇ مەخلۇقلارنىڭ زەھەرلىرىدىن ئۆلمەيدىكەن. ئۆلمەيلا قالماستىن، بۇ زەھەرلەر ئىنسانغا ئاجايىپ ھوزۇر، كەيىپ بېرىدىكەن. بىر قېتىملا چېقىۋالسا، شۇ ئادەم بۇ ھوزۇردىن چوقۇم شۇنىڭ زەھىرىگە خۇمار بولۇپ قالىدىكەن. ئۆزىنى يىلان-چايانلارغا، ئۆمۈچۈكلەرگە چاقتۇرمىسا تۇرالمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. يەنە كېلىپ بۇ خۇمارنىڭ چېكى يوقكەن. بىر قېتىملا يولۇقساڭ، تېخىمۇ كۆپ، يەنىمۇ كۆپ تەلەپ قىلىدىكەنسەن... شۇنداق قىلىپ، دەسلەپتە ھەپتىدە بىر قېتىم چىقىپ ئۆزلىرىنى يىلان-چايانلارغا تۇتۇپ بەرگەنلەر، كېيىن ئىككى كۈندە بىر، كېيىنچە كۈندە بىر، كېيىن بىرىپ-بىرىپ كۈندە نەچچە ۋاققا ئادەتلىنىشكە باشلاپتۇ.

كاللىنىڭ پىكىر قىلىشقا يارىتىلغانلىقىنى بىلىدىغانلار، ساغلام پىكىرلىك كىشىلەر "قانداق قىلساق ئىنسانلارنى شۇ يىلان-چايانلاردىن قۇتقۇزالارمىز؟" دېيىشىپ بىر چارە ئىزدىشىپتۇ. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىكى زەھەرگە ئوبدان كۆنگەنلەر ئۇلارغا قارشى تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ دۆلەتتىكى ئىنسانلار ئىككى گورۇھ بولۇشۇپتۇ. ئەلۋەتتە، باشقا گورۇھلارمۇ باركەن، ئەمما بۇ ئىككى گورۇھ ئېنىقلا ئايرىلىپ چىقىپتۇ: زەھەرگە كۆنگەنلەر، بۇ زەھەرنىڭ ئىنسانلارغا ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرىدىغانلار، ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغانلار.

شەپەرەڭلەر، ئۆمۈچۈكلەر، چايانلار، سەكسەنپۇتلار... نىڭ توختىماي ئىنسانلارغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، زەھەرخۇمارلار كۆنسېرى كۆپىيىپ، قارشى تەرەپتىكىلەر ئاز قېلىشقا باشلاپتۇ.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، بۇ زەھەرخۇمارلىرى شۇ قەدەر زەھەرلىنىشكە باشلاپتۇكى، ئاستا-ئاستا يۈز-كۆزلىرى، قول-پۇتلىرى ئۆزگىرىشكە باشلاپتۇ. ئۆزلىرىنى يىلانغا چاقتۇرغانلار، ھەركۈنى بىر پارچە، بىر پارچىدىن تېرىلىرى يېشىلغا ئۆزگىرىپ، بويى ئۇزىراپ، كاللىسى كىچىكلەپ، بارا-بارا پۇتۇنلەي يىلانغا ئۆزگىرىپ كېتىشىدىكەن: يەردە ئۆمىلەيدىكەن، ئۇچرىغاننى چاقىدىكەن؛ يەنە بەزىلەرنىڭ بارماقلىرى، تىرناقلىرى، قول-پۇتلىرى بارا-بارا ئىنچىكىلەپ، ئۇزىراپ، يېڭىدىن قول-پۇت ئۆسۈپ چىقىپ... ئاخىرىدا يوغانلار بىر ئۆمۈچۈككە ئايلىنىدىكەن-دە، ئىنسانلارغا ئېتىلىدىكەن. ئازراق زەھەرلەنگەنلەرمۇ، يەنىلا قېنىدىكى زەھەر تۈپەيلى، يىلانلىشىشقا، چايانلىششقا، شەپەرەڭلىشىشكە... باشلاپتۇ.

ئىنسانلىقنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلار ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھالىدىن ئېچىنىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە:

— يۇرتداشلار!... ئىنسانلىقىڭلارنى قوغداڭلار، ئۆمۈچۈكلەشمەڭلار، چايانلاشماڭلار!... دەپ نەسىھەت قىلىشىسىمۇ، باشقىلار قۇلاق سالمايدىكەن. ئەكسىچە، زەھەرلەنگەنلەر تولىمۇ كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاز سانلىقلارغا خائىنلار!... دەپ ھۇجۇم قىلىشىدىكەن.

ئىنسانلار بارا-بارا شۇنچىلىك ئاز قاپتۇكى، يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ دۆلەتتە ئادەم قالماسلىقىدىن قورقۇشقا باشلاپتۇ. بەگ سايلىمىدىمۇ، سانى كۆپ بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇ يىلان-چايانسىمانلار كىمنى سايلىسا شۇ بەگ بولىدىكەن.

ئۇ دۆلەتتە بىلىملىكلەر، زىيالىيلارمۇ باركەن. ئۇلار "بىشىمىزغا ئىغىر كۈن كىلىۋاتىدۇ، ئەپەندىلەر. بۇنىڭدىن يۇرتداشلىرىمىزنى قانداق قۇتقۇزىمىز؟" دەپ باش قوشۇپتۇ. ھەممەيلەن بىلگىنىچە بىر نەرسىلەرنى دەپتۇ:

— زەھەرگە خۇمار بولۇپ ئۆمۈچۈكلەشكەنلەر، يىلانلاشقانلار ئەمدى ئادەم ھىسابلانماسلىقى كىرەك. ئۇلاردا ئىنسانلىق قالمىدى. شۇڭا بەگ سايلىمىغا ئۇلارنى قاتناشتۇرماسلىق كىرەك....

لىكىن، قانچىلىك يىلان-چايانلىششىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئادەم بولۇپ تۇغۇلغان-دە؟ يەنە كىلىپ، بۇلارنىڭ باللىرىمۇ ئىنسان تۇغۇلىدىكەن. قىنىغا زەھەر ئارىلاشمىغان بولسا يەنە ئىنسان ھالىتىدە قالىدىكەن.

ئۇقۇمۇشلۇقلارنىڭ بەزىلىرى:

— ئىنسان بولۇشنىڭ يولى — تاماقنى قوشۇقتا يىيىش!... دەپتۇ. "ئىشتاننى دەزماللاپ كىيىش" دىگەنلەرمۇ، "ھەر كۈن ساقال ئىلىش"... دىگەنلەرمۇ بوپتۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھىچقايسىسى ئىنسانلىقنى قوغداپ قىلىشقا يەتمەپتۇ.

ئاردىن بەزىلەر شۇنداق تەكلىپ بىرىپتۇ: باشقا دۆلەتلەرگە بىر قاراپ، تەكشۈرۈپ باقساق. ئۇلاردىمۇ بۇ مەسىلە بارمىكەن؟ بولسا قانداق ھەل قىلغانىكەن؟... مۇشۇلارنى تەھلىل قىلساق بىر ئامال چىقىپ قالار، دىيىشىپتۇ. سىناپمۇ بىقىشىپتۇ. تەرەپ-تەرەپلەرگە بىرىپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشىپتۇ. ئاخىرى يۇرتلىرىغا قايتىشىپ، يەنە بۇرۇنقىدەك ھەممىسى ھەرخىل پىكىرلىرىنى ئىلان قىلىشىپتۇ:

— ئۆيلىرىمىز تىخىمۇ كەڭ بولۇشى كىرەك!...

— باشقا دۆلەتلەردىن ئىسىل ئادەملەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئۈلگە قىلايلى!...

— بىزنىڭكىلەرنى چەت ئەللەرگە ئەۋەتەيلى، ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنى كۆرسۇن...

ئۇنى دەپتۇ، بۇنى دەپتۇ، ھەتتا «كۈندە ئۇچ قىتىم قورساق قاتلاش مەشقى قىلىش كىرەك»، "ياتقاندا سول ياننى بىسىپ يىتىش كىرەك"... دىگەنلەرمۇ بوپتۇ. پەقەت ئاردىن ساقراق بىرى چىقىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ماڭا قۇلاق سىلىڭلار. مەن بۇ زىيانداشلارنىڭ نىمىشقا ئاينىپ كىتىشكەنلىرىنىڭ سەۋەبىنى تاپقاندەك قىلىمەن. دۆلىتىمىزنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىپ قىلىۋاتقىنىغا دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ بىر يەردىن يىڭىچە بىر ھاۋا كىلىۋاتىدۇ. بۇ ھاۋا بۇ زىيانداشلارغا ياققاچقا، ئاينىپ، يوغىناپ كىتىۋاتقان گەپ. بايقىشىمچە، بۇ ھاۋا شەرق تەرەپتىن كىلىۋاتىدۇ. مەن نۇرغۇن دۆلەتلەرگە باردىم. شەرقتىن كەلگەن بۇ شامالنى توسۇۋالىدىغان تاغلارنىڭ ئىتىكىگە جايلاشقان دۆلەتلەردە بىزدىكى بۇ ئاپەتلەر يوقكەن. ئەقلىمىزنى ئىشقا سىلىپ، ھەممە ئىش ئاخىرلاشماستا شەرقتىن كىلىۋاتقان بۇ شامالنى توسۇشىمىز كىرەك. بولمىسا ئاز كۈندە بۇ دۆلەتتە ئادەم قالمايدۇ. ھەممىمىز يىلان، چايان بولىمىز.

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەنلەرمۇ، مازاق قىلىپ كۈلگەنلەرمۇ بوپتۇ. ئەمما ئىنسانلار ئىشنى جىددىي تۇتۇپ زىيانداشلارغا ۋە ئۇلاردەك بولۇپ كەتكەنلەرگە قارشى ئۇرۇش ئىچىپتۇ. ئاجايىپ قانلىق بىر ھايات-مامات جىڭى بوپتۇ. ئۇ زاماندىكى بەگمۇ زىيانداشلار تەرەپتىكەن. ئۇ دۆلەت دۈشمەنلەردىن

قوغدانماق ئۈچۈن ھەر تەرىپى قىلىن سېپىللار بىلەن قورشالغان بولۇپ، ھەر تەرىپىدە دەرۋازىلار باركەن. ئىنسانلار شەرقتىكى دەرۋازىنى تاقىۋېلىش ئۈچۈن، زىياندا شلار تاقاتماسلىق ئۈچۈن جان ئېلىپ، جان بېرىشىپتۇ. ئىنسانلار ئىچىدىن ئىتتىرىپ، باشقىلار سىرتتىن توسۇپ دېگەندەك دەريا دەريا قانلار ئاققان بۇ جەڭدە، ئاخىرى ئىچىدىكى ئىنسانلار شەرق دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولۇشۇپتۇ. زىياندا شلار سىرتتا قاپتۇ. بۇ ئەقىلنى كۆرسەتكەن ھېلىقى كىشىنى بەگ سايلىشىپتۇ. ئۇ يۇرتداشلىرىغا:

— ھەرگىز، — دەپتۇ، — بۇ دەرۋازىنى ئاچماڭلار، قەتئىي ئاچماڭلار، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ. بۇ شۇنداق بىر ئىشىكى، يىگىنە كۆزىچىلىك ئېچىلدىمۇ، بولدى، تېزلا پۈتۈنلەي ئېچىلىدۇ.

كېيىن بۇ ئەقىللىق ئادەم ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن بەگلەر ئۆتۈۋۈپتۇ.

يەنە بۇرۇنقىدەكلا ھەر يەردىكىدەك بۇ دۆلەتتىمۇ ئۆمۈچۈكلەر، يىلان-چايانلار بار بولسىمۇ، شەرق دەرۋازىسى مەھكەم ئېتىك بولغىنى ئۈچۈن، شەرقتىن ھاۋا كىرەلمەي، بۇ زىياندا شلار قايتا كۆپىيەلمەپتۇ، چوڭىيالماپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، ئۆتۈپتۇ... بەگ سايلىمىدا نامزاتلار "مەن!" دېسە "مەن!" دېيىشىپ تارتىشىشقا باشلاپتۇ. ئەمما بۇ نامزاتلارنىڭ ھېچبىرى ئىنسانلارنىڭ قايتىدىن يىلانلىشىشىنى خالىمايدىكەن. خالىماسلىقىغۇ خالىمايدىكەن، ئەمما سايلامدا كۆپرەك ئاۋاز كېرەك-تە؟ شۇ زاماننىڭ بېگى قارىسا، قايتا سايلىنىشقا يەنە ئۈچ بېلەت كەم.

— مەن بۇ ئىشىكنى پەقەت ئۈچ بېلەتلىك ئاچىمەن!... دەپتۇ.

دېگىنىنى قىلىپ، بەگلىكنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماپتۇ.

ئۇنىڭ رەقىپلىرىمۇ ئىشىكنى يەنە ئازراق ئېچىپ، ئۆزلىرىگە ئاۋاز بېرىدىغانلارنى ئەكىرىۋېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارمۇ ئىشىكنىڭ پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كېتىشىنى خالىمىغاچىق، ا پەقەت ئون ئاۋازلىقلا ئېچىپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئىشىك پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كەتمىسۇن، دېيىشىپ ئادەملىرىنى ئىشىكنى ئىچىدىن تىرىۋېلىشقا بۇيرۇشۇپتۇ. ئىشىك ئون بېلەتلىك، يۈز بېلەتلىك، مىڭ بېلەتلىك ئېچىلا ئېچىلا ئاخىرى تامامەن، ئارقىسىغا قايرىلىپ سۇنۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئېچىلىپتۇ.

بەگلەر، ئىشىكنىڭ بۇنداق ئېچىلىپ كېتىشىنى خالىمىغانلىقلىرى ئۈچۈن:

— چىداڭلار يۇرتداشلار، ئىچىدىن ئىتتىرىڭلار، بەرداشلىق بېرىڭلار!... دەپ بۇيرۇق ئۈستىگە بۇيرۇق بېرىشىدىكەن.

ئىچىدىن ئىتتىرىپ، تېشىدىن ئىتتىرىپ، ئىشىكمۇ ئاخىرى ئۆز ئوقىدا پىرقىراشقا باشلاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ دۆلەتتە شەرق دەرۋازىسى ئېچىلىپ يېپىلىپ پىرقىرايدىكەن، بەگلەر بولسا:

— كۈچەڭلار يۇرتداشلار، بەرداشلىق بېرىڭلار!... دەپ ۋارقىرىشىدىكەن.

# ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك دەرس

ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە مەكتەپكە ناھايىتى كېچىكىپ باردىم. كۆڭلۈمدە "خامېل ئەپەندى تىللايدىغان بولدى" دەپ ئەنسىرەيتتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بىزدىن پېئىل تۈرلىنىشىنى سورايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، لېكىن مەن ھېچنىمە دەپ بېرەلمەيتتىم. شۇڭا مەكتەپكە بارماي، دالاغا چىقىپ ئويناپ كېلەيچۇ، دېگەن نىيەتكە كەلدىم.

ھاۋا شۇ قەدەر ئىللىق، شۇ قەدەر سۈزۈك ئىدى!

بۇلبۇللار ئورمان چېتىدە يېقىملىق، چاك-چاك سايرايتتى؛ تاختاي زاۋۇتىنىڭ كەينىدىكى چىملىقتا پرۇسسىيە ئەسكەرلىرى مەشىق قىلىۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىلەر پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە قارىغاندا خېلىلا قىزىقارلىق ئىدى. لېكىن مەن يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇپ، شۇ ھامان مەكتەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.

بازار مەھكىمىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئېلان تاختىسى ئالدىدا تۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيەت، سېلىنغان ئالۋان-ھاشارلار، قوماندانلىق شتابىنىڭ ھەر خىل بۇيرۇقلىرى قاتارلىق يامان خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يەردىن تارقىلاتتى. مەن توختىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئىچىمدە: «يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ ئويلىدىم.

تۆمۈرچى خۋاشتىمۇ شاگىرتى بىلەن بىللە كىشىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ ئېلاننى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ مەيداندا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ماڭا ۋارقىرىدى:

- ئۇنچىۋالا تېز يۈگۈرۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق ئوغلۇم، سەن مەكتەپكە بەرىبىر ھامان ناھايىتى بالدۇر بارىسەن!

مەن، ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ھاسىرىغىنىمچە يۈگۈرۈپ خامېل ئەپەندىنىڭ كىچىككىنە ھويلىسىغا يېتىپ كەلدىم.

ئادەتتىكى كۈنلەردە، مەكتەپتە دەرس باشلاش ۋاقتىدا ھامان بىر پەس ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولاتتى، كوچىغىمۇ ئاڭلىناتتى. پارتىنى ئاچقان ۋە ياپقان ئاۋازلار، ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن كۆپچىلىكنىڭ قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ ۋارقىراپ دەرس يادلاشلىرى... ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇئەللىمنىڭ قولىغا تۆمۈر پالاقنى ئېلىپ، پارتىغا تاقىلدىتىپ ئۇرۇپ: «تىنچ ، پەسرەك!...» دەپ ۋارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئاشۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز جايىمغا غىپپىدە ئۆتۈۋالارمەن، دەپ خىيال قىلغانىدىم. لېكىن ئاشۇ كۈنى يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندىكىدەك جىمجىتلىقتا چۆككەنىدى. مەن ئوچۇق دېرىزىدىن ساۋاقداشلارنىڭ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. خامېل ئەپەندى بولسا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، قولتۇقىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھېلىقى تۆمۈر پالاق بار ئىدى. مەن نائىلاج ئىشىكنى ئېچىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆزىچىلا جىمجىتلىقتا چۆككەن سىنىپقا كىردىم. سىلەر شۇ چاغدا مېنىڭ يۈزۈمنىڭ قانچىلىك دۇپۇلدەپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىڭلار مۇمكىن!

لېكىن ھېچقانداق ئىش بولمىدى. خامېل ئەپەندى مېنى كۆرۈپ، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن:

-تېز جايىڭغا ئولتۇر شاكىچىك فرانس، سېنى كۈتمەيلا دەرسنى باشلاۋەردۇق.- دېدى.

مەن ئورۇندۇقنى ئاتلاپلا جايىمغا ئولتۇردۇم. يۈرىكىم بىرئاز جايىغا چۈشۈپ تىنچلانغاندىن كېيىنلا، مۇئەللىمىمىزنىڭ بۈگۈن ھېلىقى ناھايىتى چىرايلىق بايراملىق مايسىرەڭ كىيىمنى كىيىپ، بويىنىغا گىرۋەك چىقىرىلغان گالستۇك تاقاپ، بېشىغا چۆرىسى كەشتىلەنگەن كىچىككىنە قارا يىپەك شلەپە كىيىۋالغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇ بۇ كېيىملىرىنى مۇپەتتىش مەكتەپكە كېلىپ كۆزدىن كەچۈرگەن ياكى مۇكاپات تارقاتقان كۈنلەردىلا كىيەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن پۈتكۈل سىنىپنى ئادەتتە كۆرۈلمەيدىغان ئاجايىپ جىددىيلىك قاپلىغانىدى. مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى، ئارقا تەرەپتىكى ھامان بوش تۇرىدىغان بىر نەچچە قاتار ئورۇندۇقلاردا بازاردىكى بىر مۇنچە ئادەملەر ئولتۇراتتى، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش سۈكۈتتە چۆككەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ قىرلىق قالپىقىنى كىيىۋالغان خاۋس بوۋاي، ئىلگىرىكى بازار باشلىقى، ئىلگىرىكى پوچتىكەش يەنە بەزى باشقا ئادەملەرمۇ بار ئىدى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىن غەم-قايغۇ چىقىپ تۇراتتى. خاۋس بولسا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ چەتلىرى يىرتىلىپ كەتكەن بىر ئوقۇش كىتابىنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇ كىتابنى ئېچىپ تىزىغا قويۇۋالغان، كىتابنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ چوڭ كۆزەينىكى توغرىسىغا ياتاتتى.

مەن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرغىنىمدا خامېل ئەپەندى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، بايا ماڭا سۆزلىگەندىكىدەك، مۇلايىملىق ۋە جىددىيلىك بىلەن بىزگە سۆزلەشكە باشلىدى:

-بالىلىرىم، بۇ سىلەرگە ئۆتىۋاتقان ئاخىرقى دەرسىم. بېرلىندىن ئىلزاس ۋە لوتارىنگىيىدىكى مەكتەپلەردە نېمىس تىلىنى ئۆتۈشكىلا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. يېڭى ئوقۇتقۇچى ئەتىلا يېتىپ كېلىدۇ. بۈگۈن سىلەرگە ئاخىرقى بىر سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسىنى ئۆتىمەن، سىلەرنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئاھ، ھېلىقى ئەبلەخلەرنىڭ بازار مەھكىمىسىنىڭ ئېلان تاختىسىغا چاپلىغىنى مۇشۇ گەپ ئىكەن- دە! مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسىم ئىكەن بۇ! مەن تېخى ماقالە يېزىشنىمۇ تۈزۈك ئۇقمايمەن! ئەمدى مېنىڭ فرانسۇز تىلىنى ئۆگىنىشىمگە ئىمكانىيەتمۇ يوق ئىكەن- دە! بۇنىڭغا بوپتىلا دېيىشكە بولامدۇ؟ مەن بۇرۇن ئوبدان ئۆگەنمەي، دەرستىن قېچىپ قۇشقاچ ئۇۋۇلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن، سائار دەرياسىغا بېرىپ سۇ ئۈزگەنىدىم… مۇشۇلارنى ئەسلەپ، قاتتىق پۇشايمان قىلدىم! مەن تېخى ھېلىلا گىراماتىكا، تارىخ قاتارلىق دەرسلىكلىرىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى ئېغىر كۆرۈپ، بىزار بولغانىدىم. ئەمدىلىكتە، بۇلار خۇددى قەدىناس دوستلىرىمدەك بۇلاردىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، خەنمەير ئەپەندىگىمۇ شۇنداق. ئۇ كېتىدىغان بولدى، ئۇنى يەنە قايتا كۆرەلمەيمەن! مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ، ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن جازالىرىنى، پالاقتا يېگەن تاياقلىرىمنى ئۇنتۇدۇم.

بىچارە بايقۇش!

ئۇ مۇشۇ ئاخىرقى دەرسنى خاتىرلەش ئۈچۈن بايراملىق چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپتىكەن! بازاردىكى بوۋايلارنىڭ نېمە ئۈچۈن سىنىپقا كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى مانا ئەمدى چۈشەندىم. بۇ ماڭا ئۇلارنىڭمۇ

ئۆز ۋاقتىدا مەكتەپكە پات-پات كېلىپ تۇرمىغانلىقىغا ئۆكۈنگەنلىكىنى ئۇقتۇرغاندەك بولدى. ئۇلار گويا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن مۇئەللىمىمىزنىڭ سەممىي-ساداقەتلىك بىلەن 40 نەچچە يىل ئىشلىگەن خىزمىتىگە تەشەككۈر ئېيتىۋاتقاندەك، قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان زېمىنىمىزغا بولغان ئىززەت-ئېھتىرامىنى بىلدۈرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مۇشۇلار خىيالىمدىن كېچىۋاتقاندا بىردىنلا مۇئەللىم مېنى چاقىرىپ قالدى. يادلاش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندى. ئاھ خۇدا، ئەگەر قىيىنلىقتا داڭق چىقارغان پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ قوللىنىلىشىنى جاراڭلىق، ئېنىق ۋە قىلچە خاتاسىز ھالدا باشتىن-ئاخىر ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولسام، بۇنىڭ بەدىلىگە ھەر قانداق نەرسىنى قۇربان بېرەتتىم، لېكىن باشتىلا بىر نەچچە سۆزنى ئارلاشتۇرۇپ قويۇپ گاڭگىراپ قالدىم، مەن نائىلاج ئۇياقتىن-بۇياققا ئىرغاڭلاپ، كۆڭلۈم قاتتىق بىئارام بولۇپ، بېشىمنىمۇ كۆتۈرەلمىدىم. خەنمەير ئەپەندىنىڭ ماڭا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم:

ـ مەن سېنىمۇ ئەيىبلىمەيمەن، شاكىچەك فرانس، ئۆزۈڭمۇ خېلىلا بىئارام بولۇۋاتىسەن، شۇمۇ كۇپايە. ھەممەيلەن ھەر كۈنى: « ۋاي بولدىلا، ۋاقىت بارغۇ، ئەتە ئۆگەنسەممۇ كەچ ئەمەس» دەپ ئويلىشىدۇ. ئەمدى نەتىجىمىزگە قاراپ باقايلىچۇ. ھەي، ئۆگىنىشنى دائىم ئەتىگە قالدۇرۇش ئىلزاسلىقلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى. ئەمدى ھېلىقى ئەبلەخلەر بىزگە: « قانداق ؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنى تېخى فرانسۇز دەيسىلەر، ھەتتا ئۆزۈڭلارنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۇقمايسىلەر! ...» دېسە ھەقلىق. بىراق، شاكىچەك فرانس، بۇ سېنىڭلا سەۋەنلىكىڭ ئەمەس، بىز ھەممەيلەننىڭ ئۆزىمىزنى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن جايلىرىمىز بار. سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلار ئۆگىنىشىڭلارغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇلار كۆپرەك پۇل تېپىش ئۈچۈن، سىلەرنى كىتابىڭلارنى تاشلاپ، ئېتىزغا، يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىغا بېرىپ ئىشلەشكە ئەۋەتىدۇ. مەنچۇ، مېنىڭ ئۆزۈمنى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك جايلىرىم يوقمۇ ؟ مەن سىلەرنى پات-پاتلا دەرسىڭلارنى تاشلاپ گۈللىرىمنى سۇغىرىشقا سالمىدىممۇ ؟ مەن بېلىق تۇتۇشقا چىققان چاغدا، سىلەرنى بىراقلا بىر كۈن قويۇۋەتمىدىممۇ ؟...

ئاردىن، خامېل ئەپەندى ئۇ ئىش-بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ، فرانسۇز تىلى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: فرانسۇز تىلى ھەممىدىن چۈشىنىشلىك، ھەممىدىن توغرا، دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق تىل؛ ئۇ يەنە مۇنۇلارنى ئېيتتى: بىز ئۇنى قەلبىمىزدە ساقلىشىمىز، ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم، دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، قۇل قىلىنغان خەلق ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى يادىدا چىڭ ساقلىسىلا، تۈرمە دەرۋازىلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئىگە بولغاندەك بولىدۇ. ئۇ مۇشۇلارنى دەپ بولۇپ، كىتابنى ئېچىپ گرامماتىكىنى ئۆتتى. ئاجايىپ ئىش، بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆتكەن دەرسىنى تولۇق چۈشەندىم. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ناھايىتى ئاسان، بەكمۇ ئاساندەك تۇيۇلدى. مەن ئۆزۈمنى دەرسنى ھېچقاچان مۇنچىلىك كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىغاندەك، ئۇمۇ ھېچقاچان مۇنچىلىك سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرمىگەندەك ھېس قىلدىم. بۇ بىچارە ئادەمنىڭ ئۆزى بىلىدىغان بەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بىزگە ئۆگىتىپ قويغۇسى، مېڭىمىزگە بىراقلا قۇيۇپ قويغۇسى كېلەتتى.

گرامماتىكا دەرسى ئۆتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، بىزگە خەت يېزىش مەشىقى دەرسىمۇ ئۆتۈلدى، شۇ كۈنى، خامېل ئەپەندى بىزگە يېڭى خۇش خەت ئۈلگىسى تارقىتىپ بەردى، ئۈلگىدە «فرانسىيە»،

«ئالزاس»، دېگەن چىرايلىق دۈگىلەك شەكىللىك خەتلار بار ئىدى. بۇ خەت ئۈلگىلىرى پاتىرىمىزنىڭ تۆمۈر دەستىسىگە ئېسىلغان بولۇپ، خۇددى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ كىچىك بايراقلىرى سىنىپتا لەپىلدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھەممەيلەن شۇنچىلىك دىققەت بىلەن بېرىلىپ خەت مەشقى قىلاتتى، سىنىپ ئاجايىپ جىمجىتلىقتا چۆككەن! قەلەمنىڭ قەغەز ئۈستىدە شىتىرلىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. بەزىدە ئالتۇن قوڭغۇزلار ئۇچۇپ كىرىسمۇ، ئۇلارغا ھېچكىم پەرۋا قىلمايتتى، ئەڭ كىچىك باللارمۇ دېققىتىنى بۇزمايتتى، ئۇلار تاياق سىزىقلارنىمۇ خۇددى بۇلار فرانسۇز خېتى ھېسابلىنىدىغاندەك ئىخلاس بىلەن زېھىن قويۇپ سىزاتتى. ئۆگزىدىكى كەپتەرلەر گۇ-گۇلاپ پەس ئاۋازدا سايرايتتى. «ئۇلار بۇ كەپتەرلەرنىمۇ نېمىس تىلىدا سايراشقا مەجبۇرلىماس!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

مەن ھەر قېتىم بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، خامېل ئەپەندىنىڭ ھامان ئورۇندۇقتا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ، بۇ كىچىككىنە سىنىپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆزى قىيماي، ئۇلارنى ئېلىپ كەتكۈسى كېلىۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىغا كۆزۈم چۈشەتتى. 40 يىلدىن بۇيان ئۇ ئىزچىل ھالا مەشەدە ياشىدى، دېرىزە سىرتىدا ئۇنىڭ كىچىككىنە ھويلىسى، كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇزۇن يىللار ئىشلىتىلگەن پارتا-ئورۇندۇقلار سۈركىلىپ پارقىراپ ۋە ئۇپراپ كەتكەن، ھويلىدىكى ياڭاق دەرىخى ئېگىز ئۆسكەن، ئۇ ئۆز قولى بىلەن تىككەن پېچەك گۈلى بۈگۈنكى كۈندە دېرىزىنى ئايلىنىپ ئۆگزىگىچە ياماشقانىدى. بىچارە ئادەم مانا مۇشۇلارنىدا ئويلىغاندا، ئەمدى مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغاندا قانداقمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلمىسۇن ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈك-تاقلارنى يىغىشتۇرىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى! ئۇلار ئەتە بۇ يەردىن مەڭگۈگە ئايرىلاتتى.

لېكىن، ئۇنىڭ بۈگۈنكى دەرسلەرنى ئاخىرىغىچە ئۆتۈپ بولۇشقا چىدايدىغان غەيرىتى بار ئىدى. خەت مەشقى دەرسى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر سائەت تارىخ ئۆتتى. ئارقىدىن باشلانغۇچ سىنىپلارغا «با، بې، بى، بو، بۇ» بوغۇملىرىنى قوشۇپ ئوقۇشنىمۇ ئۆگەتتى. سىنىپنىڭ ئارقا قاتارىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان خاۋس بوۋاي كۆزەينىكىنى تاقاپ، ئىككى قولىدۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش كىتابىنى تۇتۇپ، بۇ ھەرپلەرنى ئۇلارغا ئەگىشىپ قوشۇپ ئوقۇيتتى. ئۇ ھاياجانلانغانلىقتىن ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقاتتى. ئۇنىڭ غەلىتە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھەم كۈلگىمىز كېلەتتى، ھەم كۆڭلىمىز يېرىم بولاتتى. ئاھ! بۇ ئاخىرقى دەرسنى مەن ھەققەتەن مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن!

بىردىنلا چېركاۋنىڭ سائىتى 12 قېتىم سوقتى، ئىبادەت قىلىش ۋاقتىنىڭ قوڭغۇرىقىمۇ جاراڭلىدى. تاشقىرىدىن پىرۇسسيە ئەسكەرلىرىنىڭ كاناي ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى ـ ئۇلار مەشقتىن چۈشكەنىدى. خامېل ئەپەندى ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ماڭا ھېچقاچان مۇنداق بەستلىك، گىگانت كۆرۈنمىگەنىدى.

ـ مېنىڭ دوستلىرىم، - دېدى ئۇ، - مەن... مەن... ، - لېكىن ئۇ دېمى سىقىلىپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

ئۇ بۇرۇلۇپ قارا تاختىغا قاراپ، قولىغا بور ئېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن چوڭ-چوڭ قىلىپ:

ـ ياشىسۇن فرانسىيە! ـ دېگەن خەتلەرنى يازدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بېشىنى تامغا يۆلەپ، شۇ جايىدا تۇرۇپ قالدى، لام-جىم دېمەي، بىزگە قول ئىشارىسىلا قىلدى:

-دەرس تۈگىدى، قايتىڭلار...

# بۈيۈك قوي ئىمپېرىيىسى

# ئەزىز نەسىن

زامانلارنىڭ بىرىدە، جاھاندا بۆرىلەرگە ئوۋ ئوۋلىغۇدەك يەر قالماپتۇ. چۈنكى، ھايۋانلارنىڭ چوڭلىرى سانىلىدىغان شىر، يولۋاس، قاپلان... قاتارلىق كۈچلۈك ۋە يىرتقۇچلار دۇنيانى بۆلۈشۈپ بولغانىكەن. بۆرىلەرگە ئوۋ رايونى ئايرىلماپتۇ. ئوخشاشلا يىرتقۇچ ھايۋان بولسىمۇ، شىر، يولۋاس، قاپلان... لاردەك كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن، بۆرىلەر ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئوۋ رايونلىرىغا كىرەلمەيدىكەن، كىرىپ قالسا چىقالمايدىكەن. نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار تارتىشىپتۇ، بەزىدە ئاچمۇ قاپتۇ. بىر ئامال تېپىش كېرەككەن. شۇ مەقسەتتە بۆرىلەر زور بىر قۇرۇلتاي چاقىرىشىپ، ھەممىسى سۆھبەت ئۈستىلىگە يىغىلىشىپتۇ. تالىششلار، تاكالىششلار، مەسلىھەتلەر، قارشىلىقلار... بولۇپتۇ، ئاخىردا «دانىشمەنلىرى نېمە دېسە بويسۇنۇش» قارارىغا كېلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارىشىپتۇ.

دانىشمەن بىر قېرى بۆرە شۇنداق دەپتۇ:

—قېرىنداشلىرىم! شىر، يولۋاس، قاپلان ۋە باشقىلار جاھانگىرلاردۇر. ئۇلار دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى جايلىرىنى ئۆزلىرى ئېلىۋېلىشقان. دۇنياغا ئىگە بولۇۋېلىشقان. بىز بۆرىلەرگە ياشىغۇدەك يەر قويۇشمىغان. بىزگىمۇ جان ساقلىغۇدەك يەر لازىم. ئەمما ھازىر ئىگىسىز يەر قالمىدى. لېكىن، بىز بۆرىلەرمۇ يىرتقۇچ، يەنە كېلىپ ئەقىللىق خەلق.

قېرى بۆرە بىرئاز توختىۋېلىپ، ئىككىنى يۆتىلىۋېتىپ، ئاۋازىنى ئۇكشىغاندىن كېيىن، شۇنداق دەپتۇ:

قېرىنداشلىرىم، سۆيۈملۈك تۇرداشلىرىم! ئاۋۋال ھەممەيلەن بىرلىكتە «بۆرە، ھەممىدىن ئۈرە!» دەپ تۇۋلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

قۇرۇلتايدىكى ھەممە بۆرىلەر بۇ مەسلىھەتنى ياقتۇرۇشۇپتۇ. پەقەت شۇ قۇرۇلتايدا، شۇ كۈنلا ئەمەس، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ۋاقت، ھەر يەردە بۆرىلەر كەينى-كەينىدىن ئۈچ قېتىم شۇنداق تۇۋلايدىغان بولۇشۇپتۇ:

— بۆرە، بۆرە، ھەممىدىن ئۆرە!

— بۆرە، بۆرە، ھەممىدىن ئۆرە!

— بۆرە، بۆرە، ھەممىدىن ئۆرە!

— ........

بۇ سۆز بۆرىلەرنىڭ شوئارىغا ئايلىنىپتۇ.

قېرى بۆرە سۆزىنى داۋام قىلىپتۇ:

— بىزنىڭمۇ مۇستەملىكىلىرىمىز بولۇشى كېرەك! بۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇنداق مەسلىھەت بېرىمەن: قويلارنى «بۈيۈك قوي ئىمپېرىيىسى» قۇرۇشقا ئالدايلى. قويلار شۇ ئىمپېرىيىسنى قۇرۇش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلانغاندا بىراقلا قورشايمىز-دە، خالىغىنىمىزچە، تويغىچە يەيمىز.

بۇ مەسلىھەت بۆرىلەرگە يېقىپتۇ. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دەرھاللا بىر ئەقىلدارلار يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپتۇ. يىغىندا تەپسىلىي ئۇسۇل-چارىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپتۇ.

بىر بۆرە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەڭ ئاۋال ئورۇنلىشىمىز كېرەك بولغان بىر ئىش بار: قويلارنى بىر يەرگە توپلىيالىشىمىز كېرەك.

يەنە بىر بۆرە:

— توپتوغرا، — دەپتۇ. — پۈتۈن جانلىقلارغا ئوخشاشلا، قويلارمۇ پەقەت خەتەر ئاستىدىلا توپلىنىدۇ. شۇڭا بىز قويلارغا دۈشمەندىن بىرنى ياساپ چىقىشىمىز، قويلارنى تەھلىكە ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقلىرىغا ئىشەندۈرۈشىمىز لازىم. بۇ دۈشمەننى، مەسىلەن، "گالاپىنتوپ" دەپ قويساقمۇ بولىدۇ...

بۆرىلەر گالاپىنتوپنىڭ نېمىلىكىنى سورىشىپتۇ. ئۇ دانىشمەن بۆرە گالاپىنتوپنىڭ يوق نەرسىلىكىنى، مۇنداقلا ئېسىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە يوق بولغان بىر خەتەر، بار خەتەردىن بەكرەك قورقۇنچلۇق. چۈنكى، بار نەرسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، يوق نەرسىنى بولسا بىلگىلى بولمايدۇ...

يىغىندا «قويلارغا ئۇلارنىڭ گالاپىنتوپ خەترى ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى، قويلارنىڭ گالاپىنتوپقا قارشى كۈرەشتە بۆرىلەرنىڭ قويلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش» قارار قىلىنىپتۇ.

قارار بۆرىلەرگە ماقۇل كەپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر بۆرە شۇنداق دەپتۇ:

— قويلارنى بۈيۈك بىر خەتەر بىلەن ئالداپ، بىر يەرگە توپلاش چارىسى ناھايىتى ياخشى، ئەمما بۇ يېتەرلىك ئەمەس. ئۇلارنى زور بىر ئىدىيىگە ئىشەندۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ ئىدىيە قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدىغان، ناھايىتى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

باشقا بۆرىلەر سورىشىپتۇ:

— قانداق بىر ئىدىيە ئارقىلىق قويلارنى ئاسان ئالدىغىلى بولىدۇ؟

—ئۇلارغا «بۈيۈك قوي ئىمپرىيىسى» قۇرۇشنى ئاخىرقى مەقسەت قىلغان «بۈيۈك قويىزىم» ئىدىيىسى سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاخىرىدا ھەرىكەت پىلانى ماقۇللىنىپتۇ. پىلان بويىچە بۆرىلەر قويلارنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ شۆھرەتپەرەسلىرىنى، ئەڭ شەخسىيەتچىلىرىنى، ئەخمەق، قورقۇنچاقلىرىنى تېپىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپتۇ. بۇ جانىۋارلار بۆرىلەرنى باشلاپ قويلارنىڭ ئەڭ مۇنبەت ئوتلاقلىرىنى، ئەڭ سۈزۈك سۇلىرىنى... ئايلاندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ «بۈيۈك قويىزىم» تارقىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ھەقتە كىتاپلار يېزىلىپتۇ. ئۇ كىتاپلاردا شۇنداق سۆزلەر ئۇچرايدىكەن: «بىز قويلار بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن! شىر، يولۋاسلارنىڭ يۈگى ھېچنېمىگە يارىمىسا، بىزنىڭ يۈڭىمىزدىن يىپ ئېشىلىدۇ... ھەتتا بىزنىڭ ماياقلىرىمىزمۇ ئوغۇت قىلىنىدۇ، لېكىن شىرنىڭ، يولۋاسنىڭ ماياقلىرى بۇ گۈزەل دۇنيانى مەينەت قىلىشتىن باشقا نېمىگە يارايدۇ؟ بىز قويلار ھەممىدىن ئۈستۈن ئىكەنمىز، ئەلۋەتتە بىر ‹بۈيۈك قوي ئىمپرىيىسى› قۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ‹بۈيۈك قويىزىم› تۇغى ئاستىدا دۈشمىنىمىزگە قارشى بىرلىششىمىز كېرەك. يوقالسۇن گالاپىنتوپ...! ئىمپىرىيمىز ياشىسۇن...! پۈتۈن ئورمانلار، كەڭ ئوتلاقلار، كۆز يەتكۈسىز تۇپراقلار بىزنىڭ بولىدۇ...! گالاپىنتوپ يوقالسۇن...!»

بۆرىلەر، ئەلۋەتتە، بۇ خىل پىكىرلەردە قويلارغا ياردەم قىلىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بەزى قويلار: «بىز بۆرىلەرنى خاتا چۈشىنىپ كېلىشىپتىكەنمىز... بۆرىلەر نېمىدىگەن ياردەمچى، ياخشى ھايۋانلار... ئۇلار بىزنىڭ دوستلىرىمىز...» دېيىشىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپتۇ.

بۆرىلەرنىڭ ئەڭ تەجرىبىلىكلىرى، ئەڭ بىلىملىكلىرى، ئالىملىرى قويلارنىڭ ئارىسىغا ئەۋەتىلىپتۇ. ئۇلار قويلارغا مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنى تەربىيەلەپ، يول كۆرسىتىشىپتۇ. يەنە قويلارنىڭ ئارىسىغا جاسۇسلىرىنىمۇ ئەۋەتىشىپتۇ. قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۇ جاسۇس بۆرىلەر خۇددى قويلارنىڭ ئۆزلىرىگىلا ئوخشاش ئىكەن. بۇ جاسۇسلار ھەر بىر سۆزىنى «ھەر قانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك بىرلىك ۋە ئىناقلىققا مۇھتاج بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە...» دەپ باشلاپ، قويلارنى بىر يەرگە توپلىنىپ ياشاشقا چاقىرىپ تۇرىدىكەن.

«بۈيۈك قوي ئىمپرىيىسى» چۈشى بىر قوي پادىسىدىن يەنە بىر پادىغا توختىماي تارقىلىشقا باشلاپتۇ. قويلار گالاپىنتوپقا قارشى بىرلىشىدىغان، ۋە ھېلقى چەكسىز يايلاقلار، پايانسىز گۈل-چىمەنلەر، كۆز يەتكۈسىز ئورمانلار... بىلەن تولغان بۈيۈك ئىمپىرىيىسىنى قۇرىدىغان ۋاقتنى سېغىنىشىپتۇ.

قويلارنىڭ ھەممىسى ئالداندى، دېسەك ئۇۋال قىلغان بولىمىز. قويلارنىڭ ئارىسىدا ئەقىللىقلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار گالاپىنتوپنىڭ پەقەتلا بۆرىلەر ئويدۇرغان نەرسىلىكىنى، بۆرىلەرنىڭ ئەسلىي مەقسەتلىرىنىڭ يالغان دۈشمەن ياساپ چىقىپ، قويلاردىن ئەسلىي دۈشمەننىڭ كىملىكىنى يوشۇرماقچىلىقىنى ئېيتىپ، قويلارنى ئاگاھلاندۇرۇشۇپتۇ. «بۈيۈك قوي ئىمپرىيىسى» دېگەننىڭ بىر خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، شۇ خىيال بىلەن يۈرىۋەرگەندە بىر كۈن ھېلقى گۈزەل ئوتلاقلارغا ئەمەس، ئاچ بۆرىلەرنىڭ قورساقلىرىغا چۈشىدىغانلىقلىرىنى چۈشەندۈرۈشۈپتۇ. بىراقنى كۆرەر بۇ قويلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ھېچكىم قۇلاق سالماپتۇ. چۈنكى ئىمپىرىيە چۈشى ئاللىقاچان ناھايىتى كەڭ تارقالغانىكەن. باشقىچە كۆز قاراشتىكىلەر خائىن ۋە قوي دۈشمىنى دەپ

ئەيىبلىنىدىكەن. «بۈيۈك قوي ئىمپىرىيىسى» دە گۈل-چىمەنلەر، ياپيېشىل ئوت-چۆپلەر قىشتىمۇ، قار-مۇز ئاستىدىمۇ قۇرۇماسمىش. قىسقىسى، ئۇ بىر جەننەتمىش، قوي جەننىتى...

ئىمپىرىيە قۇرۇش خىزمىتى جىددىيلىشىپتۇ. گالاپىنتوپىنى يوقىتىش ئۈچۈن قويلاردىن ئارمىيەلەر، قىسىملار قۇرۇلۇپتۇ. قويلار ئەمدى قويدەك ئەمەس، بۆرىلەردەك مارشقا دەسسەپ ماڭىدىغان بولۇشۇپتۇ. بۇرۇنقىدەك مەرىمەيدىغان، بۆرىلەردەك ھۇۋلىيالايدىغان بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىپتۇ.

ئاخىرى بىر كۈن، شۇ تارىخىي بىر كۈندە، پۈتۈن قويلارغا يۈرۈشنى باشلاش بۇيرۇقى كەپتۇ. بۇيرۇق بويىچە دۇنيادىكى پۈتۈن قويلار بىرلىشىپ، چوڭ دۈشمەن گالاپىنتوپنى يوق قىلىش ۋە «بۈيۈك قوي ئىمپىرىيىسى» قۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈشنى باشلاپتۇ.

يۈرۈش ناھايىتى قىيىن ئۆتۈپتۇ. پۈتۈن قويلار، بۆرىلەر كۆرسىتىپ بەرگەن ناھايىتى كەڭرى بىر جىلغىدا يىغىلىشىپتۇ. ھەممىسى بىر ئاۋازدا ۋارقىرىشىدىكەن:

— يوقالسۇن گالاپىنتوپ...!

— ھەر قانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك بىرلىك ۋە ئىناقلىققا مۇھتاج بولۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە...

— بۈيۈك قوي ئىمپىرىيىسى قۇرىمىز...!

ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىلەر جىلغىنى قورشاپتۇ-دە، ھۇجۇمنى باشلاپتۇ. ئۇلار قويلارنى شۇنداق ئاسان، خۇددى بۆرە قوينى يېگەندەك يېيىشكە باشلاپتۇ. چۈنكى بۇ قويلارنىڭ قۇرماقچى بولغىنى بىر قوي ئىمپىرىيىسى بولغاچقا، بۇلارنىڭ نە پادىچىسى، نە قويچى ئىتلار يوقكەن. قويلار ھەقىيقى دۈشمەننىڭ كىملىكىنى، قانداق ئالدانغانلىقلىرىنى بىلىشىپتۇ، لېكىن نېمە چارە؟... شۇنداق قىلىپ، قويلارنىڭ ئەخمەقلىقىدىن بۆرىلەرنىڭمۇ بىر مۇستەملىكىسى، بىر ئوۋ رايونى بار بولۇپتۇ. «ماۋۇ زېمىن ئۆزۈمنىڭ!» دەيدىغان بىر زېمىنى بار بولۇپتۇ...

بۆرىلەرنىڭ ئويۇنلىرىغا ئالدانمىغان ھېلىقى ئەقىللىق قويلار ئۇيەر-بۇيەرلەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشىپتۇ. بولمىسا، قوي دېگەننىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتەتتىكەن.

قويلارنىڭ تارىخىدا بۇ ۋەقە ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بۆرىلەرنىڭ شۇ ئويۇنلىرى دۇنيادا يەنە ئوينىلىۋاتىدۇ. چۈنكى مۇشۇ دۇنيادا، قوي بولسۇن، ياكى باشقا مەخلۇقلار بولسۇن، ھەممىسى ئارىسىدا، ئەپسۇس، ئەخمەقلەر، شەخسىيەتچىلەر، ئاچكۆزلەر ھېلىھەم بار.

# مۆمىنىنىڭ مومىغا چىقىشى

بەقەسەم تون كىيگەن ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق ئادەم كۆك سىرلانغان كەڭ دەرۋازىدىن ئاق بوز ئاتنى يورغىلىتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، مەكتەپ سەھنىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، تىزگىنىنى يەڭگىل تارتتى. ئات توختاپ، سوزۇپ—سوزۇپ ئىككى قېتىم كىشنىدى-دە، ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى چاپچىشقا باشلىدى، دەل شۇ چاغدا مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىنى

سۇپۇرۇۋاتقان ياشقىنا خىزمەتچى چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئالدى:

- تىنچ-ئامان كەپلا مۇدىر ؟—دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ.

ئۇمەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىلىك ئېلىشىنى كۈتمەيلا، ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى.

- خوش، بۈگۈن نېمە بولدى ؟ مەكتەپ چۆلدەرەپ قاپتىغۇ ؟

- مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى سېلىنىڭ «تۆگەدۆڭ» دىكى قوناقلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزدۈرۈشكە ئېلىپ كەتتى.

مۇدىرنىڭ چوڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، چىرايى سەل ئېچىلدى. سېمىز قوللىرى بىلەن شاپ بۇرۇتىنى ئىككى يانغا تاراپ قويدى. خىزمەتچى ئالا يوللۇق بەلۋېغىغا قىستۇرۇۋالغان كىچىككىنە مىس چىلىم بىلەن قىزىل پۈپۈكلۈك تاماكا خالتىسىنى چىقاردى. تاماكىنى ئۈگدەپ، سەيخانىغا تولدۇرۇپ قويدى ۋە ئۇنى چوغلاپ مۇدىرغا تۇتتى. ئۆزى بولسا ئاتنى سوۋۇتۇشقا تۇتۇندى. مۇدىر تۇرغان يېرىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى—دە، خىزمەتچىنىڭ ئاتنى سوۋۇتۇشىغا نەزەر سالغاچ، چىلىمنى خورۇلدىتىپ چېكىشكە باشلىدى. خىزمەتچى ئاتنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چىلىمنى ئۇنىڭغاياندۇرۇپ بەردى— دە، تۇيۇقسىز سورىدى :

تەرتىپ مۇدىرىچۇ ؟

ئادەم ئۇقۇشقىلى كەتتى.

ئادەم ئۇقۇشقىلى ؟ نېمە ئىش قىلماقچىكەن ؟

خىزمەتچىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ كەتتى—دە، دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى.

- بايراقنىڭ تانىسى غالتەكتىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن،—دېدى ئۇ ئېڭىكى بىلەن مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغىچىنى كۆرسىتىپ،—مومىغا چىقىپ تانىنى غالتەككە يۈگىيەلەيدىغان ئادەم تېپىلىپ قالارمىكىن دەپ ئەتىگەنلا چىقىپ كەتكەن ئىدى.

- ھە ؟!

مۇدىربېشىغا كالتەك تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ سېرىق تاماكىسىنىڭ تەسىرىدىن سىرقىراپ تۇرغان بەدىنىنى ئوڭلاپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىغان ئىدى، مومىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان گومىنداڭ بايرىقىغا كۆزى چۈشتى. ھەركۈنلۈكى 20 غۇلاچلىق مومىنىڭ ئۇچىدا ھەيۋەت بىلەن لەپىلدەپ تۇرىدىغان 12 بۇرجەكلىك، ئاق كۈن نۇرى چۈشۈرۈلگەن ھاۋارەڭ بايراق ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئالا—پاساق ئۈكلىنىپ قورۇلۇپ قالغان تېرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يۈرىكى بىردىنلا پىژژىدە ئېچىشتى—دە، يۈزى پوكاندەك ئېسىلىپ، سېمىز گۆشلىرى لىپ— لىپ تىترىدى، بۇرۇتى لىكىلداپ، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ، بايراقتىن كۆزىنى ئالمايلا ئارقىسىدا قول باغلاپ تۇرغان خىزمەتچىسىدىن سورىدى :

نەچچە كۈن بولدى ؟

تۈنۈگۈن شۇنداق بولغان ئىكەن.

مۇدىر خۇددى بىر كىشى چۆرگىلىتۋەتكەندەك پىررىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلدى دە، يوتىسىغا بىرنى شاپىلاقلاپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. خىزمەتچىمۇ ئاتنى ئاتخانىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى، ئاندىن مىس چىلىمنى دەرھال چوغلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىشخانىغا كىردى ۋە قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئىككى قوللاپ چىلىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. مۇدىر چىلىمنى قاتتىق - قاتتىق ئىككىنى شورىدى دە، ۋارقىرىدى :

- ئاتقا مىنىپ تىز ماڭ ! بېرىپ تەرتىپ مۇدىرىنى تېپىپ كەل !

- خوپ.

خىزمەتچى چىقىپ كەتتى، مۇدىر قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇيان—بۇيان ماڭغىلى تۇردى. ئارىدىن بىر چاي قاينىغىدەك ۋاقىت ئۆتكەندە تەرتىپ مۇدىرى كىرىپ كەلدى - دە، پۇتلىرىنى جۈپلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

- خوش، نۇسرەت ئەپەندى.—مەكتەپ مۇدىرى قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، مەن ئۇيۇشمىغا يىغىنغا كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى ؟

- بىر ھەپتە.

- ئۇنداق بولسا، بىر ھەپتىدىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز ؟

- كۆرسەتمىلىرى بويىچە، بىرىنچىدىن، بەگلىكىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق پىرقە (پارتىيە) ئەزالىرىنى يىغىپ، جاھاننىڭ دۆڭ - چوڭقۇرلىرىنى تىڭ تىڭشىلاشتىن دوكلات ئالدىم. ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دوكلات قىلىشتى. ئىككىنچىدىن. 50 ئائىلىگەبىردىن پىرقە ئەزاسىنى نازارەتچىگە قويساق، يەنە 4 پىرقە ئەزاسى كەملەيدىكەن، بىزنىشانلىغان ئونبېشىلارغا ئانكىتنى توشتۇرۇپ بەرسەممۇ ئۇلار قول قويۇشنى ئارقىغا سوزۇۋاتىدۇ، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارنى تاپالمىدىم، يەنە 10 ئانكىتقا تېخى ئادەم يوق.

- خوش، ئۇنداق بولسا، ئەتە ئەتىگەنگىچە مۇشۇ كەم 4 ئادەمنى قەتئىي تولدۇرۇش كېرەك! ئەتە مۇشۇ ئىشلارنى تەكشۈرگىلى زۇڭبۇدىن ئادەم كەلمەكچى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك تېخى بايراقنىمۇ چىقىرالماپسىلەر، ئادەم ئۇقۇشتۇڭمۇ ؟ قېنى ئۇئادەم ؟

- ئۇقۇشتۇم، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ قالدى.

- قانداق ئادەم ئىكەن ئۇ ؟

- 13 ياشلىق بىر بالا.

- 13 ياشلىق بالا ؟ كىچىك بالا 20 غۇلاچلىق مومىغا قانداق چىقالايدۇ ؟

- چوڭ ئادەم ئەسلا چىقالمايدۇ. موما ياغىچى ئىنچىكە، يېرىمىغا چىقىپ بولغۇچە سۇنۇپ كېتىدۇ، - تەرتىپ مۇدىرى دۇدۇقلىدى، نا... ناۋادا چىقالمىسا، مومىنى ئۇ....ئۆرۈپ، قايتا تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ.

- قاپاقۋاش ! مۇدىر شىرەگە داققىدە مۇشتلىدى—دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىگىز قولىنى تەرتىپ مۇدىرىنىڭ بۇرنىغا شىلتىدى، ئەتە زۇڭبۇدىن تەكشۈرگىلى ئادەم كېلىدۇ دەۋاتسام، سىززە

يەنە مومىنى ئۆرۈپ قايتا تىكلەيلى دەۋاتىسىز. نېمە دېگەن دۆتلۈك بۇ؟ سۇپىنى چۇۋۇپ، مومىنى قايتا تىكلەپ بولغۇچە بىر ھەپتە ئۆتمەمدۇ؟! تېخى كۆمۈلگەن بېشى سېسىپ كەتكەن بولسىچۇ؟! سىلەرنىڭ غەرىزىڭلار ماڭا مەلۇم! مېنىڭ ئېشىمغا توپا سالماقچى! ئىناۋىتىمنى تۆكمەكچى!

تەرتىپ مۇدىرى تىترەپ كەتتى؛ ئۇ، پېشانىسىدىن چىققان تەر كۆزلىرىگە چېپىلداپ ئېقىپ كىرىپ ئېچىشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، سۈرتىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي، كۆزىنى چىمىلدىتاتتى.

- كەچۈرسىلە مۇدىر، مەن خاتا سۆزلەپ سالدىم.

- ھىم! خاتا سۆزلەپ سالغانمىش! سىزنىڭ كاللىڭىزدا شۇنداق ئوي بار! قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى! مومىغا قانداقلا بولمىسۇن بىرسىنى چىقىرىش كېرەك! زۆرۈرتېپىلغاندا ئۇلۇغ پىرقىمىز بايرىقىنىڭ ھەمىشە كۆكتە لەپىلدەپ تۇرۇشى ئۈچۈن بىرەر ئادەمنىڭ خۇندىن كەچسەكمۇ مەيلى!

ئۇقتۇم.

-ئۇ بالا مومىغا چىقالامدىكەن؟

- چىقالايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ دەرەخكە يامىشىشتا مەھەللە بويىچە داڭ چىقارغان بالا ئىكەن. ئۆزىمۇ «چىقالايمەن» دەپ ھۆددە قىلدى. لېكىن ئۇ ھارامزادە بىزگە بىر شەرت قويۇۋاتىدۇ، يالغاندىن ماقۇل بولۇپ ئەكەلدىم.

- شەرت؟! قانداق شەرتكەن ئۇ؟

- دادىسىنى قاماقتىن قويۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالدى.

- دادىسى كىمكەن؟ نېمە ئۈچۈن قاملىپتىكەن؟

- سوپاخۇن باينىڭ ئۆيىدە نىمكار بولۇپ ئىشلەيدىغان بەش توگمەنلىك بىر كۆنچى.ئەسلىدە ئۇ ئىلىلىق ئوغرىلارغا قوشۇلۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى بىر نەچچە يىل ئۇرۇش قىلغان قىزىل پاچاق ئىكەن. بېتىمدىن كېيىن قولغا چۈشۈپتۇ.

ھە، ئۇنىڭ بالىسىغا نېمە دەپ ۋەدە بەردىڭىز؟

داداڭنى بوشىتىپ بېرىمىز دەپ.

ئوبدان دەپسىز، ئىشنى كېچىكتۈرمەي تېزرەك ھەرىكەت قىلىڭ! قاراڭ! مەن بىر رايوننىڭ پىرقە شۇجىسى، سىز بولسىڭىز بىر ھەيئەت. ھەر ئىككىمىز «چاقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار» ئادەملەر، قېرىشقاندەك بىز تۇرغان مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقى چىقىرىلماي مومىنىڭ يېرىمىدا ئەسكى پالازدەك ساڭگىلاپ تۇرسا. بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن؟! بۇ بايراق—پىرقىمىزنىڭ جېنى. يەنە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، بۇ بايراق چىقىرىلماي مۇشۇنداق سالپىيىپ تۇرۇۋەرسە، كاللىمىزغا سەگەك بولساق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بايراقنى جېنىمىزنى تىكىپ قوغدىشىمىز كېرەك. مەن پىرقىمىزنى قىزىل پاچاقلاردىن قوغدايمەن دەپ تېخى تۈنۈگۈنكى يىغىندا يەنە بىرقېتىم قەسەمياد قىلدىم. مانا بۇ مىنىڭ قەسىمىمنىڭ گۇۋاسى،—ئۇ شايى كۆينىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، يۈگلۈق مەيدىسىنى كۆرسەتتى. تەرتىپ مۇدىرى چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكىگە پىچاق بىلەن «X» بەلگىسى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھازىرمۇ قان چىقىپ تۇراتتى.

مۇدىر ئالدىرىماي، خۇددى قەدىمنى ساناۋاتقاندەك چوڭ قەدەم بىلەن ئۆيىاندىن بۇيانغا بىر نەچچە قېتىم ماڭدى، ئاندىن تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

- مۇنداق ئادەمنى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بەرسەكمۇ بولىدۇ، بۈگۈنكى مۇشۇ بايراق چىقىرىش يولىدا نەزىر قىلىشۋەتسەكمۇ بولىدۇ ... ئاي—هاي ... ! بۇ پىرقىمىز ئۈچۈن زور ساداقەت ...تىلىمىز تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ.

- خوش، سىز چىقىپ، ئۇ بالىنى كىرگۈزۈۋېتىڭ. ئەھۋالنى داۋۇت بەگكە مەلۇم قىلىپ قويۇڭ.

ماتادىن تىكىلگەن كۆڭلەك تامباللىرى يىرتىلىپ، ئالا—يېشىل ياماقلار چۈشكەن، ئاق دوپپىسى ئۆڭۈپ، قىزغۇچ توپا رەڭگىدە بولۇپ قالغان، كۆزلىرى چوڭقۇر، ئۇرۇق ئېگىزگىنە بالابوسۇغىدا كۆرۈندى. مۇدىر لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

هە، كەل، كەل ئوغلۇم، مەيەرگە كېلىپ ئولتۇر.

بالا ئولتۇرمىدى، مۇدىرغا تىكىلىپ قاراپ، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇۋەردى. مۇدىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى—دە، قولىدىن بوشقىنا تارتىپ، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. يۇزىگە يالغاندىن كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بالىغا بىر ئاق نان‍نى تۇتقۇزدى. "يە ئوغلۇم" دېدى ئۇ تۇمشۇقىدا ئىملاپ نان‍نى كۆرسىتىپ. بالا نان‍نى چوڭ—چوڭ چىشلەپ يەۋاتقاندا، مۇدىر ئۇنىڭ پۇتىغا كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ دۇمبىلىرى يېرىلىپ، خۇددى قوماچتەك ئېتىلىپ كەتكەن ئىدى. مۇدىر كۆيۈنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تاپانلىرىغا قارىدى. تىكەن شوخا كىرىپ شور پېتىپ كەتكەن تاپانلىرى بەئەينى تۆكچە سالغان تۆشۈك ئىدى. قىرىۋالغۇدەك گۆشى يوق قوللىرى بولسا، تارىشىدەك قاتتىق ئىدى. مۇدىر ئىچىدە « مومىغا چىقالايدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇ گويا ئۆزىنى بالىغا ئىچىنغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ :

- ئىسمىڭ نېمە ؟—دەپ سورىدى.

مۆمىن.

داداڭنىڭچۇ ؟

مۇسا.

ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن ؟ خەت بىلەمسەن ؟

سوپاخۇن باينىڭ ئۆي- كاللىرىنى باقىمەن، خەت بىلمەيمەن.

نەچچە كالا باقىسەن ؟

يىگىرمە.

يىگىرمە ؟ ھەي ئىست، كىچىككىنە بالىغىمۇ شۇنچە جىق كالا ياقتۇرامدۇ! تۇزۇكرەك كىيىم-كېچەكمۇ بەرمەپتۇ. ھەي بىچارە، پۇتلىرىڭ يېرىلىپ ئاقتامىلىقنىڭ چالمىسىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ساڭا بەك ئۇۋال بوپتۇ. بۇنداق ئىنساپسىزلارنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك!

ئۇ كارىۋاتنىڭ تېگىدىن نىمكەش بولغان تاسمىلىق بىر جۈپ كەشنى ئېلىپ بالىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

مە، مۇنۇ كەش پۈتۈڭغا چوڭ كەلسىمۇ كىيىۋالغىن.

بالا كەشكە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپلا قويدى— دە، سالماقلىق بىلەن سورىدى:

بايراقنى چىقىرىپ بەرسەم، دادامنى قويۇپ بېرەمسىلەر؟

قويۇپ بېرىمىز، خوش بولامسەن؟ ئاتا—بالا ئىككىڭلار يەنە بىللە بولىسىلەر.

راستما؟

راست بولمايچۇ، ئاللاھ ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرىمەن،—مۇدىرنىڭ كۆزلىرى بالىغاتىكىلدى.

ئۇنداق بولسا تىلخەت بەرسىلە.

مۇنداق دېگىن، تىلخەت يېزىپ بېرىش تەسمىدى. قاراپ تۇر.

مۇدىر قولىغا قەغەز، قەلەم ئېلىپ شىتىرلىتىپ خەت يېزىشقا باشلىدى :

« تىلخەت »

مەنكى بەشتۈگمەن كەنتىدىكى سوپاخۇن باينىڭ نىمكىرى مۇسا قويچىنىڭ ئوغلى مۆمىن شۇ توغرىسىدا ھۆججەت بېرىمەنكى، مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئېلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن جېنىمنى پىدا قىلىپ كەلدىم. پىرقىمىزنىڭ بايرىقىنى چىقىرىش يولىدا كۆتۈلمىگەن بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىسام پىرقە ئۈچۈن شېھىت بولغايمەن. بۇنىڭغا ھېچ كىشىنىڭ دەۋا قىلىشىغا ھەققى يوقتۇر.

تىلخەت بەرگۈچى : مۆمىن مۇسا.

شاھىتلار :

مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسەھەدۇللا.

تەرتىپ مۇدىرى نۇسرەت ئەخمەدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 37- يىلى 9 - ئاي.

مۇدىر تىلخەتنى مۆمىنگە ئۇزاتتى. بالا بېشىنى چايقىدى.

خەت بىلمەيمەن، ئۆزلىرى ئوقۇپ بەرسىلە.

خوپ ئوقۇپ بېرەي، - مۇدىر سەل ئويلانغاندىن كېيىن يۇقىرىقى خەتنى مۇنداق «ئوقۇش»قا باشلىدى :

«تىلخەت»

مەنكى مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسەھەدۇللا شۇۋ توغرىسىدا ھۆججەت بېرىمەنكى، سوپاخۇن باينىڭ يىللىقچىسى مۆمىن دېگەن بالا مەكتەپ بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئېلىپ بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار دادىسى مۇسانى قاماقتىن بوشىتىپ بېرىدىغان بولدۇق.

تىلخەت بەرگۈچى : « ئوسمان ئەسەھەدۇللا» قانداق بوپتۇمۇ؟—سورىدى مۇدىر.

ساددا مۆمىنىنىڭ چىرايىغا شادلىق كۈلكىسى يامىردى.

بوپتۇ، - دېدى ئۇ خۇشاللىقنى باسالماي.

بولغان بولسا ئىككىمىز تەڭ قول قويايلى.

مۇدىر سۇرۇقنى بالىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ بارمىقىنى تۇتۇپ ئىسمىنىڭ ئۇستىگە باستۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسمىغا تامغىسىنى باستى. بالا خەتنى قولىغا ئالدى. ئۇ بۇنداق ئەگرى—بۈگرى خەتلەرنى تونۇمىسىمۇ، خەتكە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىمىر- چىمىر بولۇپ، بۇ «ئىلمەك—توقۇناق» سىزىقلار ئارىسىدىن دادىسى قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىۋاتقاندەك كۆرۈندى - دە، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خۇشال هالدا موما سۈپىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇموما سۈپىسىنىڭ قېشىدىكى پەلەمپەيلەردىن سەكرەپ—سەكرەپ، سۈپىنىڭ ئۇستىگە چىقتى ۋەمۇدىرغا قاراپ دېدى:

قېنى ئەمسە، دادامنى كەلتۈرۈپ بەرسىلە.

ماقۇل، بايراقنى قانچە تېز چىقارساڭ، داداڭ بىلەن شۇنچە تېز كۆرۈشسەن، داداڭنى هازىرلا ئالدىڭغا ئۇندۇرىمىز،—مۇدىر يېنىدا تۇرغان خىزمەتچىگە ئۇنلۇك بۇيرۇدى،—تەرتىپ مۇدىرىغا ئېيتقىن ! دادىسىنى تېزدىن مۇشۇ يەرگە كەلتۈرسۇن! يەنە ئېيتىپ قوي : مەن ئېيتقان كۆرسەتمىگە دىققەت قىلسۇن!

خىزمەتچى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . بالا خاتىرجەم بولدى—دە، مومىغا قارىدى. كۆك سىرلانغان 20غۇلاچلىق بۇ موما ئىككى يەردىن ئۇلانغلىق بولۇپ، هەر بىر ئۇلىغى ئۆچتىن چەمبەربىلەن مەهكەملەنگەن ئىدى. ئۇ، مومىغا بىردەم كۆز تىكىپ تۇردى - دە، شىپپىدە ئولتۇرۇپ قوللىرنى سۈپىنىڭ پىششىق خىشلىرىغا سۈركىدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇدىردىن يەنەسورىدى:

- دادام نېمىشقا كەلمەيدۇ ؟

- سەن چىقىۋەر، داداڭ هازىرلا كېلىدۇ.

موما مۈمىنىنىڭ قۇچىقىغا پاتمىدى. لېكىن ئۇمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ مومىنى پۇتلىرى بىلەن يۆگەپ چىرماق سېلىپ قوللىرى بىلەن قۇچاقلاپ تۇتۇپ، مومىنى چۆرگىلەپ يۇرۇپ يالمانتاقتەك يامىشىشقا باشلىدى. هايت - هۇيت دېگۈچە، يەتتە غۇلاچلىق تۆۋەنكى ئۇلاقنىڭ چەمبىرگە چىقىۋالدى. مۇدىر تۆۋەندە تۇرۇپ ۋارقىرىدى :

- يىگىت! غەيرەت قىل! ئاز قالدى!

مۈمىنبىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى چەمبەرگە دەسسەپ بىر پەس دېمىنى ئېلىۋالدى - دە، يەنە يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى.

ئىككىنچى ئۇلاققا يەنە ئىككى غۇلاچلا قالغان ئىدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ پۇت- قوللىرى سىرقىراپ كەتتى. ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ تىنالماي قالدى. ئاران دېگەندە ئىككىنچى ئۇلاقنىڭ تۆۋەنكى چەمبىرگە چىقىۋالدى—دە، مومىغا مەهكەم چاپلاشتى. ئۇ سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ تۆۋەنگە قارىدى. دادىسى كۆرۈنمەيتتى، ئاغزىلىرىنى كاككۇكتەك ئېچىشىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مۇدىرنىڭ پۇرقىرىتىپ چىلىم چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

مۇدىر، دادام تېخىچە كەلمەپتىغۇ؟

كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، غەيرەت قىل، يىگىت! دادىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىغان ئوغۇلنى ئوغۇل دەپ نېمە قىلىدۇ؟ مومىنىڭ ئۇچىغا چىقساڭلا، داداڭنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ ...

«مومىنىڭ ئۇچىغا چىقساملا دادامنى قۇتۇلدۇرالايمەن» دېگەن خىيال ئۇنىڭغا يېڭى كۈچ بېغىشلىغاندەك بولدى.

ئۇ يەنە مومىغا يامىشىشقا باشلىدى. يۇقىرىلىغانسېرى موما ئىنچىكىلەپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا بىمالال پاتقۇدەك بولدى. لېكىن ئىرغاڭلىشى كۈچىيىپ، تېخىمۇ سىلىقلاشتى، شۇنچە كۈچىسىمۇ چىرماقلىرى تۇتماي، بىر نەچچە قېتىم تۆۋەنگە سىيرىلىپ كېتىشكە قىل قالدى.ئۇ ھاسىراپ دېمى تۇتۇلۇپ قالغاندا، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئېڭىكىنى مومىغا چىڭتىرەپ، بوينى بىلەن قىسىپ تۇرۇپ سەل توختايتتى—دە، ئازراق دېمىنى ئېلىۋالاتتى.مۇشۇ مومىدەك ئېگىز بولغان قاپاق تىرەكلەرگە چىقىپ، قاغا چاڭگىلىرىنى چۇۋۇشلىرى، ئانىلىرى قاناتلىرى بىلەن شاپىلاقلاپ تۇرسىمۇ قورقماي كۆكنەك باللىرىنى ئېلىپ چۈشۈشلىرى ... غىل—پاللا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى. تىرەكلەرگە چىقىش بۇ مومىغا چىقىشقا ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. بۇ موما ئېگىز ۋە بەك سىيلىق ئىدى ...

ئۇ تەر كىرىپ ئېچىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مومىغا سۈركىدى. ”مەيلى، قانداقلا بولسۇن چىقىش كېرەك، مومىغا چىقساملا دادامنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ. “ دادا!...دادا!...“ ئۇ ھەرقېتىم ”دادا“ دېگەندە دادىسى ئۇنى يۆلەپ، يۇقۇرىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى—دە، كۈچلىنىپ قالغاندەك يەنە بىر قېتىم يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. ئۇ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى موما خۇددى قارا بوران سوققان زىلۋا سۆۋادان تىرەكتەك ئىرغاڭلايتتى. تۆۋەندىن مۇدىرنىڭ ”غەيرەت قىل! تىز بول! ئاز قالدى! داداڭنى قۇتقۇز!“ دەپ ۋارقىراشلىرىنى، جامائەتنىڭ ئۆزۈڭگە پەخەس بول! سىلكىنمە! يېنىپ چۈش! دېگەن چۇقانلىرى بېسىپ چۈشتى. مۆمىن يەنە ھاسىراپ—ھۆمۈدەپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى. ئەنە! يەنە3 غۇلاچ ... 2 غۇلاچ ... بىر غۇلاچ ... موما ئىرغاڭلايتتى ... سۇنۇپ كەتسە مۆمىنىنىڭ ئىشى تۈگەيدۇ ...

مانا، ئۇنىڭ قولى موما تۆشۈكىدىن ئىككى تەرەپكە بىر غېرىچ چىقىپ تۇرغان غالتەكنىڭ چۈلۈكىگە تەگدى—دە، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ، ئوڭ قولتۇقىغا چۈلۈك بىلەن مومىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، چۈلۈكنىڭ ئىككىنچى ئۇچىنى چىڭ تۇتتى. سول قولى بىلەن تانىنى تارتىپ پۇتىغا ئۆزەڭگە قىلىپ دەسسەپ سەل دېمىنى ئالدى. ئۇ، غالتەككە قارىدى تانا غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىدىن چىقىپ كېتىپ، چۈلۈككە يۆگىشىپ قالغان ئىكەن. ئۇ، بىر قولى بىلەن تانىنى سىلكىپ تارتىپ، غالتەكنى ئارقىسىغا ياندۇردى. موما ھەدەپ لەپپەڭشىپ ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۇ تانىنى غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىغا سالدى. شۇئاندىلا ئۇ ئەتراپقا قارىدى : ۋاي—ۋۇي! نېمە دېگەن ئېگىز، جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئەنە، كۈنپېتىش تەرەپتىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن تاغ بىزنىڭ بەشتۈگمەنگە پەقەت بىر كۈنلۈكلا كېلىدۇ، جاھان ئەجەب كەڭرى ئىكەن. شۇنچە كەڭ جاھان بىزگە نېمانچە تار! ھەي! كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكى! شۇنداق ئاقكۆڭۈل دادامنى « قوي ئوغرىسى» قىلىپ سولىتىپ قويىدى تېخى! ياق! بىردەممۇ ھاڭۋېقىپ تۇرماسلىق كېرەك. دادامنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك! ئۇ تۆۋەنگە قاراپ تووۋلىدى:

مۇدىر، بايراقنى چىقارسىلا!

مۇدىرتاننىڭ بىر قېتىنى تارتتى. بايراق كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى- دە، تانىنى سىيرىپ تارتىشقا باشلىدى. بايراق مومىنىڭ ئۈچىغا چىقتى - دە، بايراقنىڭ كالتىكى تاققىدە غالتەككە تاقاشتى. مۇدىر خۇشاللىقىدىن توۋلىۋەتتى:

- بىزنىڭ بايراق يەنە مومىنىڭ ئۈچىدا لەپىلدىدى! ھەي بالا، سەل تەخىر قىلغىن !يەنە بىر سىناپ باقاي!

دەل شۇ چاغدا، ئۈچ ئادەم پۈتىغا كىشەن سېلىنغان، يۈز- كۆزلىرى سارغىيىپ كەتكەن، ئۇرۇق ۋىجىككىنە، كەكە ساقال بىر بوۋاينى ئالدىغا سېلىپ مەيدانغا ئېلىپ كەلدى. بوۋاي توپلىنىپ تۇرغان جامائەتكە ئېگىشىپ سالام قىلدى—دە، يوغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكىپ مۇدىرغا قادالدى. مۇدىر بىر قەدەم داجىدى. كىشىلەر مومىنىڭ ئۈچىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى، بوۋايمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مومىنىڭ ئۈچىدا تۇرغان ئوغلىنى كۆردى - دە، چۆچۈپ كېتىپ ۋارقىرىدى:

- مۆمىنجان! نېمشقا مومىغا چىقىۋالدىڭ؟

- مۆمىن دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەسكە قارىدى - دە، خۇشاللىقىدىن توۋلىۋەتتى.

- دادا! سىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايراقنى چىقىرىپ بەردىم.

بوۋاي ئەھۋالنى تېزلا چۈشەندى. ئۇ بالىنىڭ مومىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى- دە، قاتتىق ۋارقىرىدى :

- توختا! چۈشمە دەيمەن!

مۆمىن بۇ چاغدا سىيرىلىپ ئۇستۇنكى ئۇلاققا چۈشۈپ بولغان ئىدى. ئۇ چۆچۈپ چەمبەرگە دەسسىۋالدى - دە، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ دادىسىغا قارىدى. دادىسى يەنە ۋارقىرىدى:

ئوغلۇم! ئاناڭنى ئۆلتۈرۈشكەندە، سەن ئۇستىدە بار ئېدىڭ، ئۇنى نېمە دەپ ئۇرغان؟!

قىزىل پاچاق ئېرىكىنى تېپىپ بەر، دەپ!

قانداق ئۆلتۈرگەن؟

ئوت توغرايدىغان جادۇغا بېسىپ ئۆلتۈرگەن.

ئاناڭنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ شەپكىسىدە قانداق بەلگە بار ئىدى؟

بالا بېشى بىلەن مومىدىكى بايراقنى كۆرسەتتى :

ماۋۇ بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىگە ئوخشايتتى.

بەشتۈگمەندە ئون توققۇز ئادەمنى مەيدىلىرىدىن تۆمۈر مىخ بىلەن ئۈجمىگە مىخلاپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قانداق بەلگىسى بار ئىدى؟

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

بېتىمدىن كىيىن تاشقورغاندىن يېنىپ كەلگەن قىرىق ئادەمنى تىرىكلا خۇمدانغا سالغانلارنىڭچۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى.

ئوغلۇم ! سەن چىقارغان ئاشۇ بايراقنى يوقىتىمىز دەپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر قۇربان بولدى. بىز يوقىتىمىز دەپ كۈرەش قىلغان بايراقنى سەن چىقىرىپسەن، قۇربان بولغان شېھىتلەرنىڭ روھىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن ؟ داداڭنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسەن ؟

بالا شۈككىدە بولۇپ قالدى. مۇدىر يۈگۈرۈپ كېلىپ بوۋاينىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن ئۇردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوقتەك قان كېتىپ، ئۆڭۈپ كەتكەن كۆينىگىنىڭ ئالدى پېشىنى قىپقىزىل بوياۋەتتى.

بالا بىردىنلا ناھايىتى تېزلىك بىلەن يۇقىرىغا ياماشتى- دە، ھايت- ھۇيت دېگۈچە مومىنىڭ ئۇچىغا يەنە چىقىپ بولدى.

مۇدىر ۋارقىرىدى :

- يېنىپ چۈش ! يېنىپ چۈش ! داداڭنى ئېلىپ كەت!

لېكىن بالا مومىدىن چۈشمىدى ... ئۇنىڭ پەسكە قاراپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى:

- دادا ! مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىڭغا رازى بول ! مەندىن رازى بول ...!- ئۇ مومىنىڭ ئۇچىنى چىڭ قۇچاقلاپ، پۇتلىرىنى مومىغا قاتتىق تىرەپ تۇرۇپ، مومىنى شۇنداق قاتتىق لىڭشىتتىكى، موما ئىرغاڭلاپ تۇۋۋى تەرىپى غاراسلاپ كەتتى. تۆۋەندە قاراپ تۇرغانلار ئىچىدە ئاللا- چۇقان كۆتۈرۈلدى. مۇدىر پوكاندەك ئېسىلىپ، غەزەپ بىلەن تاپانچىسىنى چىقاردى—دە، بالىغا قارىتىپ ئارقا— ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. دەل شۇ چاغدا، مۇسا بوۋاي ئۇنىڭغا قاتتىق كاللا قويۇپ، تاپانچىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى- دە، ئۇنىڭ بويىنىنى چىشلەپ سىلكىدى. مۇدىر جان ئاچچىقىدا « ۋايجان!» دەپ چوشقىدەك چىقىراپ كەتتى. يالاقچىلار مۇسانى سىلكىشلەپ، مۇدىرنى قۇتقۇزۇۋالدى. مۇدىر ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ، مۇساغا ئالايماقچى بولۇۋېدى، بوۋاي ئۇنىڭ يۈزىگە شالاققىدە تۈكۈردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇدىرنىڭ بىر چىشلەم گۆشى يەرگە شالاققىدە چۈشتى. مۇدىرنىڭ ئۈزۈلگەن بويۇن تومۇرلىرىدىن قاپقارا قان جىغاپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇ لىغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يەردىكى تاپانچىسىنى ئالدى—دە، تۆت ئادەم يەرگە بېسىپ تۇرغان بوۋايغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزدى ...دەل شۇ چاغدا، قاراس—قۇرۇس قىلىپ موما سۇندى- دە، مۆمىن مومىنىڭ ئۇچىنى قۇچاقلاپ بايراق بىلەن گۈرسۈلدەپ يەرگە چۈشتى. چۈشتى- يۇ، بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەنە يەرگە قويدى ... ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىۋاتاتتى. بىر-بىرىگە سىغداپ يىقىلغان ئاتا بالىدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان قان ئۆز-ئارا قوشۇلدى. بۇ چاغدا غەربكە پېتىۋاتقان كەچكى قۇياش نۇرى شۇ قاندىن رەڭ ئالغاندەك ئاسماننىڭ غەربى ئېتىكىنى قىپقىزىللىققا پۈركىگەن ئېدى ....

# تۇزلۇق قەھۋە

ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. شۇ كۈنى كەچتە يىگىت قىزنى قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. قىز بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشنى ياكى رەت قىلىشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ قالدى — يۇ، ئەمما تەربىيە كۆرگەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، يىگىت بىلەن بەش مىنۇت بىللە ئولتۇرۇشقا ماقۇل بولدى. ئۇلار كوچىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قەھۋەخانىغا كىردى. يىگىت قىزنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن شۇ قەدەر ھاياجانلاندىكى، ھەتتا قىزغا «رەھمەت!» دېگەن سۆزنىمۇ ئېيتالمىدى. بۇ ھال قىزنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. قىز «ئەمدى كېتەيمىكىن» دەپ تۇرغاندا، يىگىتنىڭ تىلى زۇۋانغا كىرىپ مۇلازىمنى چاقىردى:

— ماڭا ئازراق تۇز ئەكىلىپ بەرسىڭىز، — دېدى ئۇ مۇلازىمغا، — قەھۋەگە سالماقچى ئىدىم!

قەھۋەخانىدىكىلەر يىگىتكە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

يىگىت مۇلازىم كەلتۈرگەن تۇزنى قەھۋەسىگە سالدى — دە، ئىچىشكە باشلىدى.

— غەلىتە ئادىتىڭىز بار ئىكەن — ! دېدى قىز ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي، — قەھۋەگە تۇز سېلىپ ئىچكەن ئادەمنى ئۆمرۈمدە تۇنجى كۆرۈشۈم.

يىگىت چۈشەندۈردى:

— مەھەللىمىز دېڭىز بويىدا، كىچىكىمدە دائىم دېڭىزنىڭ تېيىز قىرغاقلىرىدا سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينايتتىم. شۇ ۋەجىدىن دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىگە كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. شۇ تەم بىلەن چوڭ بولدۇم ھەم بۇ تەمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. شۇڭا قەھۋەگە تۇز سېلىپ ئىچىمەن. ھەر قېتىم تۇزنىڭ تەمىنى تېتىسام، دېڭىز بويىدىكى غېرىبانە ئۆيىمىزنى، بىغۇبار بالىلىق چاغلىرىمنى، ئاتا — ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمنى ئەسكە ئالىمەن. ئۇلارنى شۇ قەدەر سېغىنىدىمكى، بۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس...

قىز بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ تەسىرلەندى.

قەلبىدىكى چىن تۇيغۇلىرىنى مۇشۇنداق سەممىي، راستچىللىق بىلەن ئىزھار قىلالىغان ئادەمدىن چوقۇم ۋاپا كېلىدۇ، — دەپ ئويلىدى قىز، — يەنە كېلىپ، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە يۇرتىغا، ئاتا — ئانىسىغا مېھرى بۇنداق چوڭقۇر يىگىتلەر كەم تېپىلىدۇ...

ئەمدى قىزمۇ قورۇنماي پاراڭلىشىشقا باشلىدى. يۇرتىنىڭ، ئۆيىدىكىلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ بەردى... قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك پاراڭ خېلىغىچە داۋام قىلدى ۋە ئىككىيلەننىڭ قەلب رىشتى بىر — بىرىگە باغلاندى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار پات — پات ئۇچرىشىپ تۇردى ۋە كۆپ ئۆتمەيلا نىكاھ رەسمىيىتىنى بېجىرىشتى.

ئۇلار بىر — بىرىنى قەدىرلەپ، ھۆرمەتلەپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى. قاچانكى ئايالى ئېرىگە قەھۋە تەييارلىسا، بىر قوشۇق تۇز سېلىشنى ئۇنتۇمايتتى.

40 يىلدىن كېيىن بوۋاي ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ سەكراتقا چۈشكەندە ‹‹مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئوقۇڭ›› دەپ ئايالىغا بىر پارچە خەت قالدۇردى، ئۇنىڭغا مۇنۇلار پۈتۈلگەندى.

‹‹...سۆيۈملۈكۈم، ئالدىڭىزدا گۇناھكارمەن! بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى بىر ئېغىز يالغان گەپ ئۇستىگە قۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ! ھاياتىمدا سىزگە ‹تۇزلۇق قەھۋە› ھەققىدە بىرلا قېتىم يالغان سۆزلىدىم.

تۇنجى ئۇچرىششىمىز ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، شۇ چاغدا تولىمۇ ھاياجانلانغىنىمدىن، ھودۇقۇپ كېتىپ « شېكەر » دېيەمەن دەپ « تۇز» دەپ سالپتىمەن. كېيىن « ئالماشتۇرۇپ قويۇپتىمەن» دېيىشتىن ئۇيالدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ يالغانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. سىزگە بۇ ھەقتە بىر نەچچە قېتىم راست گەپ قىلىشقا ئۇرۇنغان بولساممۇ، بىراق ئىناق، بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا چاك كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم... قىسقىسى، سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەك قورقتۇم... شۇڭا كۆز يۇمۇشتىن ئاۋۋال سىزگە ھەققىي ئەھۋالنى ئېيتىش قارارىغا كەلدىم.

راستىنى ئېيتقاندا، مەن تۇزلۇق قەھۋەگە ئامراق ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىنتايىن قىرتاق، بەتتام. ئەمما، سىز بىلەن بىللە ياشاش مەن ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت. شۇڭا ئىككىمىزگە مۇشۇ بەختنى ئاتا قىلغان تۇزلۇق قەھۋەگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ھەم ئۇنىڭغا مەڭگۈ قەرزدارمەن. ئەگەر ئىنسانغا قايتا تۇغۇلۇش نېسىپ بولسا، ھەممىنى باشتىن باشلاپ، سىز بىلەن قايتا تونۇشاتتىم ۋە ھاياتىمنىڭ ھەر بىر دەقىقىسىنى سىزدىن ئايرىلماي ئۆتكۈزەتتىم. بۇنىڭ بەدىلىگە يەنە بىر ئۆمۈر تۇزلۇق قەھۋە ئىچسەممۇ مەيلى ئىدى...››

مومايىنىڭ كۆز ياشلىرى قەغەزنى ھۆل قىلىۋەتتى.

كۆنۈلەرنىڭ بىرىدە موماي نەۋرىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇلار ‹‹ بوۋام ئىچكەن تۇزلۇق قەھۋە قانداق ئىدى ؟›› دەپ سوراپ قالدى.

مومايىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ياشقا تولدى.

ئىنتايىن... ئىنتايىن تەملىك ئىدى —!دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئېغىر ئۇھسىنىپ .

# ئېلىپبەنى تۇگەتتىم

ئېلىپبەنى تۇنجى قېتىم ئۆگەتكەن مۇئەللىمىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ساۋاتىڭىزنى چىقارغان مۇئەللىمچۇ؟ تۇنجى سائەت ماتېماتىكا دەرسىنى كىم ئۆتكەن؟ قايسى مۇئەللىملەردىن قورقۇپ قايسىنى بوزەك قىلاتتىڭىز؟

مۇشۇ كىچىكىمدە مەكتەپكە بەك ئامراق بولسام كېرەك، ئالتە ياش ۋاقتىمدا ئاكامنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بىر يىل بۇرۇن مەكتەپكە كىرىۋېلىپ، سانىنىڭ سىرتىدا زاپاس ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇغان ئىدىم.
شۇ چاغدا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئاز بولغاچ بىر ئوقۇتقۇچى بىر قانچە پەندىن دەرس بېرىدىغان ئىش جىق ئىدى. تۇنجى قېتىم ئېلىپبە ۋە ماتېماتىكىدىن دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچۇم تۇخان خانىم ئىدى. بىز تەرەپتە ئەر ئوقۇتقۇچىنى مۇئەللىم (ئېغىزدا مەلىم)، ئايال ئوقۇتقۇچىنى خانىم دەيتۇق. شۇڭا خانىم دەۋەردىم.
شۇ چاغدا تۇخان خانىم ئەللىككە يېقىلاپ قالغان چاغلىرىمكىن دەيمەن، شۇنداقتىمۇ بەك جانلىق ھەم ئاچچىقى يامان ئىدى. باللاردا كىتابمۇ تولۇق ئەمەس، بىر ئېلىپبەنى ئىككى - ئۈچ بالا تەڭ ئۆگىنەتتۇق.
تۇخان خانىمنى ئىسمىغا يۆگەپ « توخۇ » دەۋالاتتۇق. دوسكىغا چىقىرىپ، ھەرپلەرنى يازغۇزاتتى. يازالمىسا ئازراق دەپ بېرىپ يېزىشقا ئۈندەيتى، يەنە يازالمىسا بېشىدىن تۇتۇپ دوسكىغا بوشراق ئۇسۇتۇپ قوياتتى ۋە : « ما دوسكىغا ئۇسسىگىنىڭ ئېسىڭدە بولسۇن، ئاتا - ئاناڭ بىزدەك ساۋاتسىز قالمىسۇن دەپ مەكتەپكە ئوقۇغىلى ئەۋەتسە بىكار نانني يەپ يۈرەمسەن ؟ ساۋاتىڭ چىقماي ئەتە ئۆگۈن بىرەر توختامغىمۇ ئىسمىڭنى يازالماي ئۆتۈپ كەتمە » دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى.
بۇنداق دوسكىغا ئۇسسىگەن باللارنى توخۇ چوقۇۋالدى دەپ قوياتتۇق. لېكىن شۇ چاغدىكى باللارنىڭ كەپسىزلىكىگە قاراپ پات - پات چوقۇپ قويۇشىمۇ ھەق ئىدى، چۈنكى بەزى باللار دەل شۇنداق دوسكىغا ئۇسسىمەسلىك ئۈچۈن ئۆگىنىپ ساۋاتى چىقىپ قالاتتى.
شۇ تۇخان خانىمنى ھەممە ئىشقا ئېپى بارمىكىن دەيمەن، باللارغا ھەرپلەرنى ئەستە ساقلىتىمەن دەپ ئېلىپبە ناخشىسى ئۆگىتەتتى.

ئا، ئا، ئايدىكى ئا،
ئە، ئە، ئەينەكتىكى ئە.
ئې، ئې، ئېيىقتىكى ئې،
ئى، ئى، ئىلمەكتىكى ئى

دەپ ئاھاڭغا سېلىپ، ھەرىكەتلىرى بىلەن ئوقۇيتۇق. دەم ئېلىشتا شوخراق باللار تېخى بۇ ئېلىپبە ناخشىسى لەپەر قىلىپ ئۇسسۇل ئوينىغاچ ئوقۇسا، سىنىپتىكى باللار كۈلۈپ تېلىقىپ قالاتتۇق.
ساۋاتىمىز چىقىپ تۇنجى ئوقۇغان تېكىستىمىز « غۇنچەم » ئىدى. بۇ تېكىستىنىڭ بېشىنى ھەممىڭلار يادىغا بىلىسلەرغۇ دەيمەن.
غۇنچەم مەكتەپتىن ناھايىتى خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى، دە دادىسىغا : - دادا، مەن ئېلىپبەنى تۈگەتتىم، - دېدى.
تېخى ساۋاتى چالا چىققان باللارمۇ يېنىدىكى باللار غۇنچەمنى ئوقۇۋەرسە يادىلىۋېلىپ، مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە شۇ كۈنى ئۆتكەن تېكىستنى ئوقۇپ بېرىدىغان ۋەزىپىسىنى « شار - شۇر

ئوقۇۋېتىپ » ئۆيگە كېتەتتى يۇ كېيىنكى كۈنلەردىكى تېكىستلەرنى ئوقۇيالماي بىر كەچكە قالاتتى.
ماۋۇ سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى ھەممىڭلار سۇدەك بىلىسلەر ھە قاچان.
مۇشۇنى يادلىغاندا

يامۇلدا تولا يېتىپ،
چېچىم بىر قۇچاق بولدى.
يامۇلنى تېشەر چاغدا،
قۇيرۇقۇم پىچاق بولدى.

دەپ يادلاپتىكەنمەن. سەل چوڭ بولۇپ بىلسەم قوۋۇرغا ئىكەن، شۇ چاغدا سادىر پالۋاننىڭ قۇيرۇقى بار دەپ ئويلاپ قالغان بولغىيمىتىم تاڭ.
ئېلىپبەدىن ساۋاتىمىز چىقىپ، ھېلىقى تېشىدا ئۆردەك چۈجىسى تۇتۇپ تۇرغان بالىنىڭ سۈرىتى بار ماتېماتىكا كىتابى قوشۇلدى. بۇرۇنقىدەك تۇخان خانىم دوسكىغا يېزىپ بەرگەن بىردىن يۈزگىچە سانلارنى يېزىپ يادلاشتىن ھەقىقىي كىتابنى ئۆگىنىشكە چۈشتۇق.
ماتېماتىكىدىكى رەسىملەرگە ئامراق ئىدىم، ساۋاتسىز بالىلارمۇ رەسىمگە قاراپ قوشۇش ئېلىشنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالاتتى.
شۇنداق قىلىپ بىرىنچى يىللىق ھاياتىمىز ئاخىرلىشىپ ئىككىنچى يىللىققا چىقتۇق، ئېلىپبە ئورنىغا ئەدەبىيات ئالماشتى، يەنە تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىدىيە - ئەخلاق، مۇزىكا، گۈزەل - سەنئەت دېگەن دەرسلەر قوشۇلدى.
لېكىن ئۈچىنچى يىللىققا چىققۇچە قېرىنداش قەلەم ئىشلىتىشىمىز شەرت ئىدى. ساۋاتى تولۇق چىقىپ ھەرپلەرنى پەرق ئەتسۇن، خېتى سەت بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئۈچىنچى يىللىققىچە قېرىنداش قەلەمدە خەت يازاتتۇق.
ئۇ چاغلاردىكى دەرسلەر كۆڭۈللۈك ئىدى. تەبىئەت دەرسىدە مۇئەللىم ئىككى تال قەغەز ئىستاكاندا تېلېفون ياساپ كېلىڭلار دېسە، باشتا يىپنى قىسقا قىلىپ ياساپ تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلىپ ئاڭلانسا بەك خۇش بولۇپ، خۇددى ئىدىسۇن لامپۇچكا كەشىپ قىلىپ دۇنيانى ئۆزگەرتكەندىكى ھاياجانغا چۈمگەن ئىدۇق.
كېيىن تېخى قوشنىمىزنىڭ بالىسى بىلەن بىر مۇنچە يىپنى بۇزۇپ ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىغا مۇشۇنداق تېلېفون تارتىپ، ئوينىغاندا مۇشۇنىڭدا چاقىرىمىز دېگەنلىرىمىز قىزىق ئىدى.
ئىدىيە - ئەخلاق دەرسىدىكى مەسەل، چۆچەك، ئىبرەتلىك ھېكايىلەر قىزىق ئىدى. كۆتەك تۇۋىدە توشقان كۈتۈش، مىڭزىنىڭ مەكتەپكە بېرىشى دېگەندەك ھېكايىلەرنى قىزىقىپ ئوقۇيتۇق.
مۇزىكا دەرسىمىزدە ئۆگەنگەن ناخشىلار ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدە. « مەن ئوقۇيمەن شاد - خۇرام، ئىلىم - پەنگە ئامراقمەن »، « جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار »، « ئاپام مېنى ئاي دەيدۇ »، « مەن يۇلغۇننى ياخشى كۆرىمەن »، « ئەتىرگۈل » دېگەن ناخشىلارنى ئىمام بارات دەيدىغان بىر مۇئەللىمگە ئەگىشىپ ئوقۇيتۇق.
بۇ مۇئەللىمنىمۇ دەرسكە يۆلەپ

ئىمام بارات،
دىڭگىل تارات.
باللىرىنىڭ نان دېسە،
ساندۇقنىڭ كولدۇرلات.

دەپ قوشاقىا قاتاتتۇق. قانداق باللار تاپىدىن دەپ قالاتتىم مۇشۇنداق قوشاقلارنى. لېكىن بۇ مۇئەللىمنىڭ قاپىقى تۈرۈك تۈرغىنى بىلەن ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇپ - تىلللىمايتى. تاكى بىز ئۆگەنگىچە، ئاۋازىمىز قايمىغۇچە سەۋر قىلىپ ئۆگىتەتتى. بەزىدە داپ، راۋاب ئېلىپ كىرىپ، « مەن تەڭكەش قىلىمەن، سىلەر ماسلاشتۇرۇپ ئوقۇيسىلەر، كىم بۇزۇۋەتسە شۇنى ئايرىم ئوقۇغىلى سالىمەن » دەيتى ھەم نوتىغا ماسلاشتۇرۇپ چېلىپ كېتەتتى.

يەنە شۇ مۇئەللىم دەرستىن چۈشۈپ چىقىپ كېتىشىگە سىنىپتىكى شوخ باللار پارتا - ئورۇندۇقلارنى چېلىپ، ئۇ مۇئەللىمنى دوراپ ناخشا ئېيتسا بىر نەچچىسى مۇنبەرگە چىقىۋېلىپ قاش - كۆزلىرى غەلىتە قىلىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ سىنىپتىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى.

ئۇ چاغلاردا مەكتەپلەردە تېخى توكمۇ تۈزۈك ئومۇملاشمىغان، مەكتەپنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى داڭ دەۋالغان بىر يۇملاق تۆمۈرنى تاش بىلەن ئۇرۇپ دەرسكە كىرىش - چىقىشنى ئەسكەرتىپ يۈرىيدىغان بولغاچ، سىنىپ مۇشۇنداق قىزىپ كەتكەندە داڭ چالغاننى ئاڭلىماي مۇئەللىملەر ئىشىك تۈۋىگە كەلسىمۇ « ئوت چىقىرىۋاتقانلار » كۆرمەي، مۇئەللىممۇ بىزمۇ كۈلۈپ تېلىقىپ قالغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايتى.

شۇنداق قىلىپ شۇ دەرسلىك كىتابلارنى ئوقۇپ بولغاندا، ئەمدى بۇ كىتابلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ دەپ شۇ چاغدىكى بەزى كىتابلىرىمنى پاخپاق ياساپ ئويناپ كەتكەن ئىدىم.

مانا ھازىر شۇ كىتابلارنى ئىزدەپمۇ تاپالمايمەن. ساقلاپ قوياي دېسەممۇ يوق.

شۇ ساۋاتىمنى چىقارغان، بىزلەرگە مېھرىنى بېرىپ، مەكتەپكە بارمساق ئۆيىمىزگىچە كېلىپ، قايسى پەن دەرس بۆلسە ۋايىسماي ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆتكەن، بىزنى قارا قۇرساق قالمىسۇن دەپ ئانچە - مۇنچە دۈشكەللەپ قويسىمۇ لېكىن ئىچىدىن چىقىرىپ ئۇرۇپ باقمىغان شۇ ئوتقۇچىلىرىم ھازىر ھاياتمۇ يوق بىلمەيمەن.

ئەگەر شۇلار ھايات بولسىدى بور تۇتقان شۇ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ رەھمىتىمنى ئېيتىۋالسام، ماڭا سۆزلەپ ھارمىغان ئېلىپبە، ماتېماتىكا، ھەممە دەرسنى قايتا شۇ ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن ئاڭلىۋالسام ...